
ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن كىلاسسىك ئوقۇشلۇقلار

لو گۇەنجوڭ ( مىڭ سۇلالىسى )

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جولانى

ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە



ISBN 978-7-5371-8747-3
9 787537 187473 >
باھاسى: 15.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن كىلاسسىك ئوقۇشلۇقلار

ئەسلى ئاپتورى: لو گۇەنجوڭ ( مىڭ سۇلالىسى )

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林美术出版社 2008 年 8 月第 1 版，第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن كىلاسسىك ئوقۇشلۇقلار

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە

ئەسلىي ئاپتورى: لو گۇەنجوڭ (مىڭ سۇلالىسى)
ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: خېڭ رۇ
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختەر تۇردى
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.625
2010 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978－7－5371－8747－3
سانى: 1－4000
باھاسى: 15.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

لىيۇ بېي، گۇەن يۈ، جاڭ فېيلارنىڭ شاپتۇللۇقتا قەسەم
ئىچىشىپ ئاغا ـ ئىنى بولۇشقانلىقى ........................ 1
ۋېنمىڭ بېغىدىكى كېڭەشتە دوڭ جونىڭ دىڭ يۈەنگە
كايىپ كەتكەنلىكى .................................... 6
ئۈچ باتۇرنىڭ شەھەرنى ئېلىپ لۈ بۇ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ... 13
دوڭ جونىڭ ساھىبجامال ھىيلىسىدە جېنىدىن ئايرىلغانلىقى ... 18
لىيۇ شۈەندې (لىيۇ بېي)نىڭ شۈجۇ شەھىرىنى
ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى .................................... 24
ساۋ مېڭدې (ساۋ ساۋ)نىڭ خاننى شۈدۈغا كۆچۈرگەنلىكى ... 29
لۈ بۇنىڭ ئاق قوۋۇق راۋىقىدا جېنىدىن جۇدا بولغانلىقى ... 35
ساۋ ساۋنىڭ مەي ئىچىۋېتىپ قەھرىمانلار ھەققىدە سۆزلە-
گەنلىكى .................................................. 41
توپا تاغدا گۇەن يۈنىڭ ئۈچ شەرت قويغانلىقى .............. 48
گۇەن يۈنىڭ بەش قورۇلدىن ئۆتۈپ ئالتە سانغۇننى
ئۆلتۈرگەنلىكى ........................................... 54
ساۋ ساۋنىڭ گۈەندۇ جېڭىدە يۈەن شاۋنى مەغلۇپ
قىلغانلىقى ............................................... 59
خان تاغىسى لىيۇ بېينىڭ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇپ
دانىشمەنلەرنى بايقىغانلىقى ............................. 64
لىيۇ بېينىڭ جۇگې لياڭنى ئۈچ مەرتەم تەكلىپ قىلغانلىقى
.......................................................... 69
جاڭ فېينىڭ چاڭبەن كۆۋرۈكىدە غوۋغا كۆتۈرگەنلىكى ... 74
جۇگې لياڭنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ، ئوت ـ چۆپ بې-
سىلغان كېمىدە يەم بىلەن يا ئوقى يىغقانلىقى .............. 79

جۇگې لياڭنىڭ چىبىنى كۆيدۇرۇۋەتكەنلىكى .............. 85
جۇگې لياڭنىڭ جۇ يۈنى ئۈچ قېتىم تېرىكتۈرگەنلىكى .... 91
«سۇمۇرغ چۈجىسى» پاڭ توڭ ھەزرەتلىرىنىڭ لېيياڭدا ئىش بېجىرگەنلىكى .................................. 99
ساۋ ساۋنىڭ يەكتەكىنى سېلىپ، ساقىلىنى كېسىپ تاشلاپ قېچىپ قۇتۇلغانلىقى .................................. 103
گۇەن يۈنىڭ يەتتە قوشۇننى سۇغا غەرق قىلغانلىقى ...... 112
گۇەن يۈنىڭ مەغلۇپ بولۇپ مەيچېڭ شەھىرىگە قاچقانلىقى ... 116
تىركىشىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ............... 121
ليۇ بېيىنىڭ قىساس ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغانلىقى ... 127
جۇگې لياڭنىڭ بەدەۋلەر خانى مېڭ خۇنى يەتتە قېتىم تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكى .................................. 135
جۇگې لياڭنىڭ ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ چىققانلىقى ... 143
جۇگې لياڭنىڭ ئالتىنچى قېتىم چىشەندىن چىققاندا ۋاپات بولغانلىقى .................................. 150
كونىلارنىڭ ئورنىغا ئالماشقان بىر ئەۋلاد يېڭى دەۋر كىشىلىرى .................................. 160
جىن دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى .................................. 164

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئېلكتىرونلۇق كىتابلىرىنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# لىيۇ بېي، گۇەن يۈ، جاڭ فېيلارنىڭ شاپتۇللۇقتا قەسەم ئىچىشىپ ئاغا - ئىنى بولۇشقانلىقى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پادىشاھ لىڭدى (لىيۇ خوڭ) چىرىكلىشىپ ئىقتىداردىن قالدى، ئاكا - ئۇكا جاڭ جياۋ، جاڭ باۋ، جاڭ لياڭلار بىرلىكتە سېرىق ياغلىقلار قوزغىلىڭىنى قوزغىدى. پادىشاھ لىڭدى دەرھال جايلاردىكى سەركەردە ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتۇپ تۈھپە كۆرسىتىشى خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈردى ھەمدە ئەمىر نۆكەر لۇ جى، خۇاڭ پۇسوڭ، جۇ جۈنلەرنى جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى.

يۇجۇنىڭ ۋالىيسى لىيۇ يەن قوزغىلاڭچى چوڭ قوشۇننىڭ يۇجۇغا قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاپىلا - شاپىلا مۇراجىئەتنامە يېزىپ، ئايماق تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ناھىيەلەردىن قوشۇن توپلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

ئەينى دەۋردە جۇشيەن ناھىيەسىدە لىيۇ بېي ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تۆرە بېگى لىيۇ شېڭنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، چىغ چورۇق سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنى شەھەرگە كىرگەندە مۇراجىئەتنامىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا بىرھازا ھەسرەتلىنىپ خورسىندى. ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭ كەينىدىن بىرەيلەننىڭ:

— ئەركەك تۇرۇپ دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقارماي، نېمىگە خورسىنىدىلا؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. لىيۇ بېي كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ قاپلان باش، يۇملاق كۆز، ساقاللىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆردى - دە، دەرھاللا:

— ئەزىمەت، مۇبارەك ئىسىم - زاتلىرى نېمىكىن؟— دەپ سورىدى. هېلىقى كىشى:

— فامىلەم جاڭ، ئىسمىم فېي، تەخەللۇسۇم يىدې، مەيپۇرۇشلۇق ۋە قاسساپلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىمەن، جاھاندىكى مەرد ئەزىمەتلەر بىلەن دوستلىشىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن،— دېدى ۋە،— بابا نېمىگە خورسىنىدىلا؟— دەپ سورىدى.

— كەمىنىلىرى خەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ليۇ بېي بولىمەن، جاھاننىڭ مالىمانلىقىنى كۆرۈپ ئەل - ئاۋامنى قۇتقۇزۇۋالغۇم كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا قۇربىم يەتمىگەچكە ئۇھسىنىپ قالدىم،— دېدى ليۇ بېي.

— ئائىلىمىزنىڭ ئازراق تەئەللۇقاتى بار، ئىككىمىز بىللە شۇنىڭ بىلەن بىر ئىش قىلىپ باقساق قانداق؟— دېدى جاڭ فېي.

ليۇ بېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. بىر كۆرۈشۈپلا ئوي - پىكرى بىر يەردىن چىقىپ قالغاچقا، ئىككىسى مەيخانىغا بېرىپ پاراڭلاشتى. ئۇلار خۇشال - خۇرام پاراڭلىشىۋېتىپ، هارۋا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان بەستلىك بىرەيلەننىڭ مەيخانا ئالدىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، چىرايى چىلاندەك قىزىل، سۇمۇرغ كۆز، قاشلىق بىر ئادەم ئىدى. ليۇ بېي ئۇنىڭ قىياپىتىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. هېلىقى ئادەم فامىلىسىنىڭ گۈەن، ئىسمىنىڭ يۈ، تەخەللۇسىنىڭ يۈنچاڭ ئىكەنلىكىنى، يۇرتىدىكى بىر زومىگەر ئانىي تاپقاچقا، ئۇنى ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئالتە يىلدىن بۇيان سىرتلاردا قېچىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ليۇ بېي بىلەن جاڭ فېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈەن يۈگە ناھايىتى قايىل بولدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئوي - خىيالىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. گۈەن يۈ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئىش تەۋرىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ مەسلەكداش شارابتىن كېيىن جاڭ فېينىڭ قورۇقىغا بېرىپ مەسلىھەتلەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەتىسى ئۇچەيلەن قورۇقنىڭ كەينىدىكى شاپتۇللۇقتا يەرگە يۈكۈنۈپ كۆجە كۆيدۈرۈپ ئاغا - ئىنى بولۇشقا قول بېرىپ قەسەم ئىچىشتى. ليۇ بېي ياشتا چوڭ بولغاچقا چوڭ ئاغا، گۈەن يۈ ئىككىنچى ئاغا، جاڭ فېينىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا ئىنى بولدى.

جاڭ فېي قورال - ياراغ سوقتۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈرچى تەكلىپ قىلدى. ليۇ بېي قوش بىسلىق شەمشەر، گۈەن يۈ ئەگمە قىلىچ، جاڭ فېي پولات نەيزە ياساتقۇزدى. ئۇچەيلەن شۇ يەردىكى 500 نەچچە ئەزىمەتنى يىغىپ بىر قوشۇن تەشكىللەپ ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن يۇجۇنىڭ ۋالىيسى ليۇ يەننىڭ قېشىغا قاراپ ھەيۋەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. جۇ جۈن چىڭجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇچەيلەن شىددەت بىلەن جەڭ قىلىپ تۆھپە كۆرسەتتى. ئۇلار نۇسرەت قازىنىپ

قايتىپ كېلىشۋاتقاندا لۇ جىننىڭ گۇاڭزوڭدا جەڭ قىلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن گۇاڭزوڭغا كەلدى. لۇ جى ئۇلارنى يىڭچۇەندە جاڭ باۋ، جاڭ لياڭلار بىلەن جەڭ قىلىشۋاتقان خۇاڭ پۇ- سوڭ ۋە جۇ جۈنلەرگە ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى.

جاڭ باۋ، جاڭ لياڭلارنىڭ ھەققانىيەتچى قوشۇنى يىڭچۇەندە كەينى - كەينىدىن جەڭ قىلىپ نۇسرەت قازىنىپ، قوشۇن باشلاپ خۇاڭ پۇسوڭ، جۇ جۈنلەرنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇتلا بىر قوشۇن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. بۇ قوشۇننىڭ سەردارىنىڭ ئىسمى - فامىلىسى ساۋ ساۋ، تەخەللۇسى مېڭدې ئىدى. ئۇنىڭ مەنسىپى كاھبەگ بولۇپ، قوشۇن باشلاپ يىڭچۇەنگە ھەمدەمگە كېتىۋاتقاندا دەل جاڭ باۋ، جاڭ لياڭلارغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇلارنى توسۇۋالدى، ئۇلار ساۋ ساۋنىڭ بۇ قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەي چېكىندى. يىڭچۇەندىكى مۇھاسىرە بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن ليۇ بېي، گۇەن يۈ، جاڭ فېي ئۈچەيلەن يۇرتى جۇشيەن ناھىيەسىگە قايتىپ ماڭدى. ئۇلار قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت تاغ - دالىنى قاپلىغان سېرىق ياغلىقلار قوشۇنىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى دوڭ جونى قورشىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ جەڭ مەيدانىغا ئېتىلىپ كىرىپ دوڭ جونى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. زەيجوڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ليۇ بېي، گۇەن يۈ، جاڭ فېي ئۈچەيلەننىڭ مەنسىپى بولمىغاچقا، دوڭ جو ئۇلارنى مەنسىتمىدى. جاڭ فېينىڭ بۇنىڭغا غەزىپى كېلىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بىز خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان تۇرساق، ئەكسىچە بىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا ليۇ بېي توسۇپ قالدى. دوڭ جونىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەي ئەكسىچە خورلۇققا ئۇچرىغاچقا، ئۈچەيلەن جۇ جۈننىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇشتى. ئۇلار زەيجوڭغا يېتىپ كەلگەندە جۇ جۈننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. جۇ جۈن ئۇلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن زەيجوڭدا ئېلىپ قالدى.

جۇ جۇن ليۇ بېينى تۇرشاۋۇل قىلىپ، جاڭ باۋغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇچەيلەن نۇسرەت قازىنىپ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سېرىق ياغلىقلار قوشۇنىدا پەقەت جاۋ خوڭ، خەن جوڭ، سۇن جوڭلا قالغان بولۇپ، ئۇلار ۋەنچېڭ شەھىرىنى قوغداۋاتاتتى. جۇ جۇن ليۇ بېي، گۇەن يۈ، جاڭ فېي ۋە ۋۇ جۇنرېن، سۇن جيەنلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ۋەنچېڭ شەھىرىگە بۆسۈپ كىرىپ سېرىق ياغلىقلار قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ليۇ بېي قاتارلىقلار جۇ جۇن بىللە نۇسرەت قازىنىپ ئاستانىگە قايتتى.

ئوردا تۆھپە كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارنى تارتۇقلىدى، ليۇ بېي ئەنشى ناھىيەسىنىڭ يامۇل بېگىلىك مەنسىپىگە نائىل بولدى. بىراق، ئۇ مەنسەپكە ئولتۇرۇپ ئەمدىلا تۆت ئاي بولغاندا پۇلى يوقلۇقىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئورپاقبەگكە پارا بېرەلمىگەچكە، ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

جاڭ فېي ئاكىسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئورپاقبەگنىڭ قونالغۇسىغا بېسىپ كىرىپ ئۇنى خۇددى چوشقىدەك چىرقىرىتىپ تازا ئۇردى.

ئورپاقبەگ تاياق يېگەندىن كېيىن ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي قاتتىق غەزەپلىنىپ، قايتىپ بېرىپ بۇ ئىشنى دىڭجۇنىڭ ۋالىيسىغا مەلۇم قىلدى. ۋالىي ھەرقايسى جايلارغا ليۇ بېينى تۇتۇش توغرىسىدا ئېلان چاپلىدى. ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئىلاجسىز مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ، دەيجۇنىڭ ۋالىيسى ليۇ خۇيىنىڭ قېشىغا باردى. ليۇ خۇي ئۇلارنى خۇپىيانە ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ قالدى.

# ۋېنمىڭ بېغىدىكى كېڭەشتە دوڭ جونىڭ
# دىڭ يۈەنگە كايىپ كەتكەنلىكى

لىڭدى خان ھەرەمئاغىلىرىغا ئىشىنىپ كەتتى، ئاغۋاتلاردىن جاڭ راڭ، جاۋ جوڭ، ساۋ جيې قاتارلىق ئون ئادەم تىل بىرىكتۈردى، ئۇلار «ئون مەھرەم بېگى» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئوردىدا ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. لىڭدى خان ئۇلارغا ناھايىتى ئىشەنگەچكە، ئۇلار تېخىمۇ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئاشتى.

مەسلىھەتچى تۆرە ليۇ تاۋ لىڭدى خانغا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، ئەل تەھلىكىدە قالدى، سىلى ئادىل، دىيانەتلىك بولۇشلىرى كېرەك ئىدى، ئەمدى ئاغۋاتلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋەرمىسىلە، — دېدى. خان ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماقتا يوق، ئەكسىچە ئاچچىقىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. ۋەزىر چېن دەن بېشىنى پەلەمپەيگە ئۇرۇپ ئىلتىجا قىلىپ خاندىن ئۇنىڭ جېنىنى تىلىۋالدى. خان قاتتىق غەزەپلىنىپ ئىككىسىنى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇدى. شۇ كۈنى كېچىدە ئون مەھرەم بېگى ئادەم ئەۋەتىپ ئىككىسىنى زىنداندا ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىم ئادالەت يولىدا ھەق گەپ قىلمايدىغان بولدى.

جوڭپىڭنىڭ 6 - يىلى 4 - ئايدا لىڭدى خان قاتتىق بىتاپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ليۇ بيەن، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ليۇ شيې ئىدى. خاننىڭ كىچىك ئوغلى ليۇ شيېنى ۋەلىئەھد قىلغۇسى بار ئىدى. ھۇدەيچى جيەن شۇ:

— ئالىيلىرى، شاھزادە ليۇ شيېنى ۋەلىئەھد قىلماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولىدىكەنلا، كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم خې جىننى قەتل قىلىشلىرى لازىم، — دېدى. خې جىن شاھزادە ليۇ بيەننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئالىي سانغۇن ئىدى. مۇبادا، خان شاھزادە لىيۇ شيېنى ۋەلىئەھد قىلسا، خې جىن چوقۇم نارازى بولاتتى. شۇڭا، ئۇ خې جىننى ئوردىغا چاقىرتتى.

خې جىن ئەمدىلا ئوردىغا كىرىپ تۇرۇشىغا بىرەيلەن ئۇنىڭغا ھۇدەيچى جيەن شۇنىڭ سۇيىقەستىنى دەپ قويدى. لىڭدى خان ئۆلگەندىن كېيىن خې جىن 30 نەچچە ۋەزىرنى باشلاپ ئوردىغا كىرىپ ۋەلىئەھد ليۇ بيەننى تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

لىڭدى خاننىڭ ئانىسى دوڭ ۋالىدەخان ليۇ بيەننىڭ خان بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول تىقىپ ليۇ شيې شاھزادىنى چېن ليۇۋاڭ، ئۆزىنىڭ ئاكىسى دوڭ جوڭنى چەۋەنداز سانغۇنلۇققا تەيىنلىدى.

لىيۇ بېيەنىنىڭ ئانىسى خې ۋالىدەخان دوڭ ۋالىدەخانىنىڭ ھاكىممۇتلەق بولۇۋالغانلىقىغا كۆڭلىدە نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىۋىدى، دوڭ ۋالىدەخان ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

شۇ كۈنى كەچتە خې ۋالىدەخان خې جىننى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا دوڭ ۋالىدەخانىنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى خې جىن دوڭ ۋالىدەخاننى ئاستانىدىن قوغلاپ چىقاردى. دوڭ ۋالىدەخان ئەمدىلا جيەنخېدىكى تۇرالغۇسىغا يېتىپ كېلىشىگە خې جىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. دوڭ ۋالىدەخانىنىڭ تاۋۇتى ئاستانىگە ئېلىپ كېلىندى، خې جىن بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمىدى. جاڭ راڭ قاتارلىق ئون مەھرەم بېگى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى دەرىجىدىكى ئەمەلدار ۋە مەنسەپدارلارنىڭ ئالدىدا خې جىنغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ ئىشنى يۈەن شاۋ بىلىپ قېلىپ، خې جىنغا دەپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭغا كېيىنكى بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاغۋاتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.

كۈتۈلمىگەندە خې ۋالىدەخان ئاشۇ ھەرەمئاغىلىرىغا بەكلا ئىشەنگەچكە، خې جىننى ئۇلارنى ئۆلتۈرگىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋ خې جىنغا يەنە بىر ئەقىل ئۆگەتتى. خې جىن مەھكىمىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوردىنىڭ باش مىرزىسى چېن لىنغا جايلارغا ئېلان چاپلاپ، قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

چېن لىن: «بۇنداق قىلساق چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بېرىدۇ» دەپ قاراپ خې جىنغا ۋەز ئېيتىپ نەسىھەت قىلىپ، خې جىننى توسۇپ قالماقچى بولدى. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا بىردىنلا يېنىدا ساۋ ساۋ پەيدا بولۇپ:

— ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باش گۇناھكارنى يوقىتىشىمىز كېرەك، بۇنىڭغا بىر زىندانبېگى

www.uyghurkitap.com



بولسىلا كۇپايە، سىرتتىن ئەسكەر يۆتكىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى. خې جىن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قۇلاق سالمىغاچقا ساۋ ساۋ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ: «جاھاننى مالىمان قىلىۋاتقان خې جىننىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ!» دەپ ئۇھسىندى.

شىلياڭ ئايماقبېگى دوڭ جونىڭ قارا نىيىتى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇ خې جىننىڭ يارلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن كۈيۈ ئوغلى لى رۇنى ئوتتۇرغا چىقىرىپ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم قوشۇن تارتىشتىكى مەقسىتىنىڭ ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «پەرمان»غا بىنائەن 20 تۈمەن چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئاستانىگە كىردى.

جاڭ راڭ قاتارلىقلار سىرتتىن ئاستانىگە قوشۇن

كىرگىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭ خې جىنىنىڭ تەدبىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال 50 نەپەر جاللاتنى چاڭلې ئوردىسىغا ئەۋەتىپ جيادې قوۋۇقى ئىچىگە پىستىرما قۇردى ھەمدە خې ۋالىدەخاننى ئالداپ ئۇنىڭغا خې جىنىنىڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. خې جىن پىستىرما بارلىقىنى بىلمەي ئوردا قوۋۇقىدىن كىرىشىگە جاللاتلار ئۇنى چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى.

قوۋۇق سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان ساۋ ساۋ، يۈەن شاۋ قاتارلىقلار خې جىنىنىڭ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ قوۋۇق سىرتىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى، تۇيۇقسىز سېپىل ئۈستىدىن بىر ئادەمنىڭ كاللىسى دومىلاپ چۈشتى، يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋ بىر قاراپلا خې جىنىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدى. يۈەن شاۋ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ساۋ ساۋ بىلەن قوۋۇقتىن ئېتىلىپ كىرىپ ھەرەمئاغىلىرىنى كۆرسىلا ئۆلتۈردى، ئوردا ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

جاڭ راڭ قاتارلىقلار پادىشاھ ۋە چېن لىيۇۋاڭ لىيۇ شيېنى تۇتقۇن قىلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئارقا ئوردىدىن قېچىپ كەتتى. ئۇلار كېچىلەپ قېچىپ بېيماڭشەنگە يېتىپ كەلدى. ئىككىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەسكەرلەر قوغلاپ كەلدى، جاڭ راڭ قوغلىغۇچى قوشۇننىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. خان بىلەن چېن لىيۇۋاڭ قوغلاپ كەلگۈچى قوشۇننىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمىگەچكە، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالدى، ئەتىسى ئۇ ئىككىسىنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دوڭ جو ئوردىغا ئېلىپ كەتتى.

دوڭ جو خې جىنىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىغا ئېلىۋالدى. ئۇ ھەر كۈنى دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيگەن بىر توپ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ رەستىلەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى. ئۇ يەنە زۇلپىقارىنى ئېسىپ ئوردىغا تەپ تارتماستىن كىرىپ - چىقىپ يۈردى. ئەمەلدارلار ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئوردا تېخى يېڭىلا تىنچىغاچقا ھېچكىمنىڭ ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقۇسى كەلمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇزۇن ئۆتمەي، دوك جو ۋەزىرلەرنى ۋېنمىڭ بېغىغا شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. دوك جو زىياپەتتە لىۋ شىيېنى خان قىلىپ تىكلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئايماقبېگى دىڭ يۈەن ئۈستەلنى ئۇرۇۋېتىپ:

— بۇ گەپنى قىلىشقا پېتىنغۇدەك سەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ! — دېدى.

دوك جو شەمشىرىنى چىقىرىپ دىڭ يۈەننى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان زەبەردەس سەركەردىنى كۆرۈپ قول سېلىشقا پېتىنالمىدى. شاراب زىياپىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن لى رۇ دوك جوغا دىڭ يۈەننىڭ ئارقىسىدا تۇرغان سەركەردىنىڭ ئىسمى لۈ بۇ ئىكەنلىكىنى، دىڭ يۈەننىڭ ئاسراندى ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەتىسى دىڭ يۈەن شەھەر سىرتىدا دوك جوغا جەڭ ئېلان قىلدى، لۈ بۇ قوشۇن تارتىپ چىقىپ دوك جونىڭ قوشۇنلىرىنى 30 چاقىرىم يىراقلىققا چېكىندۈردى.

دوك جو قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەركەردىلىرىنى يىغىپ، دىڭ يۈەنگە قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. ئۇ ھە دەپ: «لۈ بۇنى تالانت ئىگىسى ئىكەن» دەپ ماختىدى. سەركەردە لى سۇ:

— مەن لۈ بۇ بىلەن يۇرتداش، سىلى يېتەرلىك مال ـ دۇنيا چىقىرىشنى خالايدىغانلا بولسىلا، مەن لۈ بۇنى دىڭ يۈەنگە

ئاسيلىق قىلىپ، سىلىگە ئەل بولۇشقا كۆندۈرەلەيمەن، — دېدى.

لۇ بۇ مەنپەئەتنى دەپ ۋىجدانىنى سېتىشتىن يانمايدىغان ئادەم بولغاچقا، دولڭ جو سوۋغا قىلغان چىلان تورۇق تۇلپار ھەمدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىقلارنى كۆرۈپ قەلبى ئىختىيارسىز داۋالغۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇ دىڭ يۈەننى ئۆلتۈرۈپ، دولڭ جونى تۇتۇق ئاتا قىلدى.

دولڭ جو خاننى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ يەنە زىياپەت ئۆتكۈزدى. ئۇ زىياپەت ئۈستىدە زۇلپىقارىنى قاماللاپ تۇرۇپ:

— ھازىرقى خان ھاماقەت، ئىقتىدارسىز چىقىپ قالدى، ئۇ بىر ئەلنىڭ ئاتىسى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، مەن ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ ئورنىغا چېن لىيۇۋاڭ لىيۇ شىيېنى خان قىلىپ تىكلىمەكچى، ئاراڭلاردىن كىمدىكىم بۇنىڭغا قارشى چىقىدىكەن، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، — دېدى. ۋەزىرلەر ئۇنىڭ لىيۇ بيەننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا توققۇز ياشلىق لىيۇ شيېنى خان قىلىپ تىكلىشىگە ئىلاجسىز ئۇنىمەي قاراپ تۇردى.

بارگاھ لەشكەر بېشى يۈەن شاۋ خاننى تەختتىن چۈشۈرۈشكە قارشى تۇرغاچقا، مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جىجۇغا كېتىپ قالدى.

لىيۇ بيەن ئانا ـ بالا يوڭئەن قەسىرىگە نەزەربەند قىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي لى رۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دولڭ جو ھەر كۈنى ئوردىدا يېتىپ ـ قوپتى. ئۇ ئادەتتىكى كۈنلەردە يەنە لەشكەرلىرىنىڭ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشىغا يول قويدى. ئۇ بىر قېتىم لەشكەرلىرىگە چاغان ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاۋام خەلقنى قورشاپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، ئەينى چاغدا ھەممىلا يەرنى جەسەت قاپلاپ، ئاھۇ زارلار پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما دولڭ جو قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچ باتۇرنىڭ شەھەرنى ئېلىپ لۈ بۇ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

بوخەي ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۈەن شاۋ بولسا دوڭ جونىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئاستانىدىكى ۋەزىر ۋاڭ يۈنگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىپ ئۇنى «خانلىقتا سادىق بولۇپ ئەل يولىدا جان پىدا قىلمىدىلا» دەپ ئەيىبلىدى. ۋاڭ يۈن بىرنەچچە كونا ۋەزىر بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە چىللاپ ئۇلار بىلەن دوڭ جوغا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. بۇ ئىش قولىدىن كەلمىگەچكە، ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا ھۆركىرەپ يىغلاشتى.

كۆپچىلىك قايغۇرۇپ ۋە نەپرەتلىنىپ تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت بىرەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ يۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاتلىق لەشكەرلەر چاۋۇشبېشى ساۋ ساۋ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ساۋ ساۋ:

— يىغلىغانغا دوڭ جو ئۆلۈپ قالامتى؟ — دېدى ۋە دوڭ جونىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئىشىنىدىغانلىقىنى، ۋاڭ يۈن ئۆزىنىڭ يەتتە دانە گۆھەر قويۇلغان زۇلپىقارىنى بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن دوڭ جونى ئۆلتۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ زۇلپىقارنى ئېلىپ دوڭ جونىڭ قېشىغا سالامغا باردى، دوڭ جو ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋاق قالغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ ئېتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن دوڭ جو لۈ بۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ساۋ ساۋغا ياخشى ئاتتىن بىرنى سوۋغا قىلىشنى تاپىلىدى. ساۋ ساۋ دوڭ جونىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولدى.

دوڭ جو ناھايىتى سىمىز ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەچكە ئۇزۇن كارىۋاتقا كېلىپ قىيسىيىپ ياتتى. ساۋ ساۋ ئالدىراپ زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا تىقماقچى بولۇۋىدى، كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئەينەكتىن ساۋ ساۋنىڭ تىغ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. دەل شۇ چاغدا لۇ بۇ ئاتنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى، ساۋ ساۋنىڭ كاللىسىغا توساتتىن بىر ئەقىل كەلدى ـ دە، دەرھال تىزلىنىپ:

— بۇ يەتتە دانە گۆھەر كۆز قويۇلغان زۇلپىقارىنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلاي دېگەنىدىم، — دېدى. دوڭ جو زۇلپىقارىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى ھەمدە «ئېلىپ قويغىن» دەپ لۇ بۇغا بەردى.

ساۋ ساۋ قەست قىلىش پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ، ئاتنى سىناپ بېقىشنى باھانە قىلىپ لۇ بۇنىڭ قولىدىن چۇلۋۇرنى ئالدى ـ دە، بىر سەكرەپلا ئاتقا مىنىپ چىياۋجۇن تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. دوڭ جو ناھايىتى گۇمانخور ئادەم بولۇپ، ئۇ لۇ بۇ ۋە لى رۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ساۋ ساۋنى چاقىرىپ بېقىشقا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئۆزىگە قەست قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ساۋ ساۋ جوڭمۇ ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان ياساۋۇل ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ناھىيە يامۇلىغا ئاپىرىپ قاماپ قويدى. ناھىيە ئامبىلى چېن گوڭ ساۋ ساۋنىڭ جاسارىتىگە ناھايىتى قايىل بولغاچقا، مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوڭ جوغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى.

چېڭگاۋ دېگەن يەرگە كەلگەندە ساۋ ساۋ ئاتىسى بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا ـ ئىنى بولۇشقان لۇ بوشې دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە تۈنەپ ئۆتمەكچى بولۇپ، چېن گوڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. كېچىسى ساۋ ساۋ پىچاق بىلەۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ، «لۇ بوشې مېنى ئۆلتۈرۈپ ئوردىدىن تۆھپە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




يېزىشنى تەلەپ قىلماقچى ئوخشايدۇ» دەپ گۇمانلىنىپ، لۈ ئائىلىسىدىكى سەككىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەردە ياتقان چوشقىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئۆزلىرىنى چوشقا سويۇپ مېھمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ساۋ ساۋ بىلەن چېن گوڭ لۈ ئائىلىسىدىن قايتىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا يولدا شاراب سېتىۋېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان لۈ بوشې بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ساۋ ساۋ ئۇنىمۇ قىلىچ بىلەن بىرلا چېپىپ جېنىدىن جۇدا قىلدى. چېن گوڭ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىۋىدى، ئۇ:

— مەن باشقىلارغا ۋاپاسىزلىق قىلسام قىلاي، ئەمما باشقىلار

ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىسۇن، ــ دېدى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ چېن گوڭ ساۋ ساۋدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.

ساۋ ساۋ يۇرتى چېنلىيۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لەشكەر توپلىدى ھەمدە ھەرقايسى جايلاردىكى تۆرە ـ بەگلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزى بىللە دوڭ جوغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ليۇ بېي، گۇەن يۈ، جاڭ فېيلارمۇ گوڭ سۈنزەنگە ئەگىشىپ ئىتتىپاق تۈزگىلى كەلدى.

ساۋ ساۋ قوي ـ كالا سويۇپ، بەگ ـ تۆرىلەرنى يىغدى. بەگلەر بوخەي ۋالىيسى يۈەن شاۋنى ئىتتىپاقنىڭ پاسىبانلىقىغا كۆرسىتىشتى. يۈەن شاۋ ئىنىسى يۈەن شۇنى تەمىنات باش نازارەتچىلىكىگە تەيىنلىدى، چاڭشانىڭ ۋالىيسى سۈن جيەن تۇرشاۋۇل بولۇپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇدۇل سىشۈي قورۇلىغا قاراپ ماڭدى.

دوڭ جو سىشۈي قورۇلىغا لەشكەرلەرنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى جىددىي مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال سەركەردىلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئېلىپ باردى. خۇا شيوڭ بەش تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېچىلەپ سىشۈي قورۇلىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يۈەن شۇ تۆھپىنىڭ باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سۈن جيەننى ئەتەي تەميناتتىن قىستى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن سەركەردە سۈن جيەننىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا، لەشكەرلىرى خۇا شيوڭنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچراپ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

خۇا شيوڭ جەڭ قىلغانسىرى تېخىمۇ باتۇرلىشىپ كەينى ـ كەينىدىن ئىتتىپاقداش قوشۇندىكى بىرقانچە سەركەردىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. يۈەن شاۋ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ، كۆپچىلىكنى يىغىپ خۇا شيوڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا كىمنى ئەۋەتىش خۇسۇسىدا كېڭەشتى. بۇ چاغدا گۇەن يۈ:

ــ كەمىنە سەركەردىلىرى خۇا شيوڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ

كېلىشكە تەييارمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. يۈەن شۇ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن، مەنسىپىنى كىچىك كۆرۈپ بارگاھتىن قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇدى. ئەمما، ساۋ ساۋ بىر قەدەھ ئىسسىتىلغان مەينى گۈەن يۈگە تۇتۇپ:

— بۇنى ئىچىۋېتىپ جەڭگە ئاتلىنىڭ، — دېدى. گۈەن يۈ قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

— بۇ مەينى خۇا شيوڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچەي، — دەپ بارگاھتىن چىقىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خۇا شيوڭنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قەدەھتىكى مەي تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن بولۇپ هور چىقىپ تۇراتتى.

خۇا شيوڭ ئۆلگەندىن كېيىن دوڭ جو نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى ئۆزى باشلاپ ئىتتىپاقداش قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن خۇلاۋ قورۇلىغا كەلدى. خۇلاۋ قورۇلىدىكى جەڭدە لۈ بۇ بەكسىز باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى.

بەگ - تۆرىلەر بارگاھقا قايتىپ كېڭەشتى، ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاندا لۈ بۇ يەنە كېلىپ ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. جاڭ فېي ئېتىنى قامچىلاپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. لۈ بۇ بىلەن ئىككىسى 50 مەرتەم ئېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. گۈەن يۈ بىلەن ليۇ بېيمۇ ھەمدەمگە كەلدى، ئۈچ باتۇر بىرلىشىپ لۈ بۇ بىلەن جەڭ قىلدى. لۈ بۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي قورۇلنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى.

# دوڭ جونىڭ ساھىبجامال ھىيلىسىدە جىنىدىن ئايرىلغانلىقى

لۇ بۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دوڭ جو نائىلاج لوياڭ شەھىرىگە ئوت قويۇۋېتىپ، توقال خانىش ۋە ئاۋام ـ پۇقرالارنى مەجبۇرىي يۆتكەپ ئاستانىنى چاڭئەنگە كۆچۈرۈپ پاناھلانماقچى بولدى.

ساۋ ساۋ يۈەن شاۋغا غەلبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنداق قىلىشقا قارشى تۇردى. ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ:

ـــ مەن ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا دەسسەيدىغان تەنتەك بالا ئەمەس، ـــ دەپ ۋارقىرىدى ھەمدە بەش تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ قوغلاپ كەتتى.



ساۋ ساۋ ئۇلارنى قوغلاپ شىنگياڭغا كەلگەندە پىستىرمىغا ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن 500 نەچچە ئادەم قالغانىدى، قايتا جەڭ قىلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە قالدۇق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ياڭجۇغا جۆنىدى.

لوياڭنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قېلىپ قالغان سۈن جيەن خان ئوردىسىنىڭ قۇدۇقى ئىچىدىن بۇرۇنقى خاندىن قېلىپ قالغان بىر دانە قاشتېشى تامغىنى سۈزۈۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ جياڭدوڭغا قايتتى.

يۈەن شاۋ قاشتېشى مۆھۈرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولۇۋىدى، ئەمما سۈن جيەن بۇنى سېزىپ قېلىپ مۆھۈرنى تارتىۋالدى. سۈن جيەننىڭ بارگاھقا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ يۈەن شاۋ قاتتىق غەزەپلىنىپ، شىڭجۇنىڭ ئايماقبېگى ليۇ بياۋغا سۈن جيەننىڭ ئالدىنى توسۇپ قاشتېشى مۆھۈرنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئېيتتى. ليۇ بياۋ قوشۇن باشلاپ بېرىپ سۈن جيەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. سۈن جيەن جەڭدە ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇپ جياڭدوڭغا قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆچ - ئاداۋەت چۈشتى. بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش قوشۇن چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. ھەرقايسى بەگ - تۆرىلەر ئۆز زېمىنلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدى، ئۇرۇش ئوتى بىرنەچچە يىلغىچە بېسىقمىدى. ليۇ بېي، گۈەن يۈ، جاڭ فېيلارمۇ پىڭيۈەنگە قايتىپ كەتتى.

گوڭ سۈنزەن بىلەن يۈەن شاۋ جىجۇنى تالىشىپ جەڭ قىلدى، گوڭ سۈنزەن مەغلۇپ بولۇپ تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتتى. يۈەن شاۋنىڭ سەركەردىسى ۋېن چۇ ئۇنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا تاغنىڭ يانباغرىدا تۇرغان بىر ياش سەركەردىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ جاۋ زىلوڭ بولۇپ، ئەسلىدە يۈەن شاۋنىڭ مالىيى ئىدى. ئۇ يۈەن شاۋنى پەزىلەتسىز كۆرۈپ، گوڭ سۈنزەندىن پاناھ تىلەپ كەلگەنىدى.

ليۇ بېي، گۈەن يۈ، جاڭ فېيلارمۇ گوڭ سۈنزەنگە ياردەم بەرگىلى كەلگەنىدى، ئۇلار شۇ ۋەجىدىن جاۋ زىلوڭ بىلەن

تونۇشۇپ قالدى. كېيىن ئوردا ئادەم ئەۋەتىپ، يۇەن شاۋ بىلەن گوڭ سۇنزەننى ياراشتۇرۇپ قويدى.

يۇەن شاۋدىن ئالدىنى توسۇپ قاشتېشى مۇھۇرنى تارتىۋالغان ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن، سۇن جيەن سۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ فەنچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇ فەنچېڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلدى.

ليۇ بياۋغا سەركەردىسى كۇەي لياڭ شيەنشەنگە پىستىرما قۇرۇپ، ياۋ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش خۇسۇسىدا تەدبىر كۆرسەتتى. سۇن جيەن جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتكەچكە، نەيزىسى بىلەن ئاتلىق ياۋنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ياۋنىڭ ئاتقان قالايمىقان يا ئوقى تېگىپ ئۆلدى، ئۇ ئەينى چاغدا ئەمدىلا 37 ياشقا كىرگەنىدى.

سۇن جيەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇن سې قوشۇنلىرىنى باشلاپ جياڭدۇغا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى. ئۇ مۆتىۋەرلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ، لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئەنتىنى ئېلىشقا تەييارلاندى.



www.uyghurkitap.com

سۇن جيەنىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ دوڭ جوتېيخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. ئۇ بىر قېتىم زىياپەت ئۆتكۈزۈپ يۈزدەك ئەمەلدارنى چاقىردى. زىياپەت جەريانىدا ئەسىرگە چۈشكەن يۈزدەك ياۋ لەشكىرىنى ئاچىقىپ، ئۇلارنىڭ قولىقىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ، پۇت ـ قولىنى چاندى، ئەمەلدارلار قورققىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەكسىچە، دوڭ جو ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي قاقاھلاپ كۈلۈپ بەھۇزۇر سۆزلەۋەردى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زېمىن بېگى ۋاڭ يۈننىڭ يۈرەك ـ باغرى خۇن بولدى. مەھكىمىدىكى غەزەلخان ئايال، سازەندە دياۋ چەن ۋاڭ يۈنگە ھەمدەمدە بولۇشنى ئىستىدى. ۋاڭ يۈن تىزلىنىپ دياۋ چەنگە سالام بەردى ھەمدە يۇم ـ يۇم يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ «ساھىبجامال ھىيلىسى» بىلەن دوڭ جو بىلەن لۈ بۇنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ يۈن لۈ بۇنى زىياپەتكە چىللاپ، دياۋ چەننى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشقا چاقىردى. دياۋ چەن تۈرلۈك ناز ـ كەرەشمە بىلەن لۈ بۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. ۋاڭ يۈن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دياۋ چەننى ئۇنىڭغا توقاللىققا سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لۈ بۇ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ۋاڭ يۈن بىر قۇتلۇق كۈننى تاللاپ دياۋ چەننى ئۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.



ئەتىسى ۋاڭ يۈن يەنە دوڭ جونى

زىياپەتكە چىللاپ ئۇنىڭغىمۇ دىياۋ چەننى ھەمراھ قىلدى. دىياۋ چەننى كۆرۈپ دوڭ جونىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى قوترىدى. ۋاڭ يۈن ئۇنىڭغىمۇ دىياۋ چەننى ھەدىيە قىلدى ھەمدە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى دەرھال باش ۋەزىر قەسىرىگە ئەۋەتىپ بەردى.

دىياۋ چەن ھە دەپ دوڭ جونىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشتى، لۈ بۇنى كۆرگەندە بولسا مىشىلداپ يىغلاپ دوڭ جونىڭ ئۆزىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ رەشك ئوتىنى يېلىنجاتتى.

بىر كۈنى لۈ بۇ دوڭ جو يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىياۋ چەن بىلەن فېڭيى شىپاڭىدا مەخپىي ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت دوڭ جو كىرىپ قالدى، ئۇ شىپاڭنىڭ يېنىدىكى لۈ بۇنىڭ يالمانلىق نەيزىسىنى ئېلىپ لۈ بۇغا غەزەپ بىلەن تىقتى ھەمدە ئۇنى قاتتىق تىللىدى.

دىياۋ چەنگە ئېرىشەلمىگىنىگە لۈ بۇنىڭ ئىنتايىن غەزىپى كەلدى. ۋاڭ يۈن پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ لۈبۇغا دەيدەيگە سالىدىغان گەپلەرنى قىلىۋىدى، ئۇ ۋاڭ يۈن بىلەن ھەمكارلىشىش نىيىتىگە كەلدى.

ۋاڭ يۈن بىلەن لۈ بۇ ھىيلە ئىشلىتىپ لى سۇنى مېيۋۇغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. يەنە خەن تەڭرىقۇتىنىڭ تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ دوڭ جونى ئاستانىگە چىللىدى. دوڭ جو بۇنىڭدىن قىلچە شۈبھىلەنمەي، لى سۇ بىلەن بىرلىكتە ئاستانىگە قايتىپ كەلدى.

دوڭ جونىڭ پەيتونى يېتىپ كېلىشى ھامان، پىستىرمىدىكى ئوردا قاراۋۇللىرى قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سانجىدى. دوڭ جو ساۋۇت كىيىۋالغان بولغاچقا، ئوردا قاراۋۇللىرى ئۇنى ئۆلتۈرەلمىدى. دوڭ جو:

— لۈ بۇ، مېنى قۇتقۇزۇۋال! — دەپ ۋارقىرىدى. لۈ بۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمما ئۇ دوڭ جونى قۇتقۇزماقتا يوق، ئەكسىچە يالمانلىق نەيزىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ

بوغۇزىغا تىقتى. دوڭ جو ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ تولىمۇ خۇرسەن قىلدى.

دوڭ جونىڭ سەركەردىلىرىدىن لى جۆ، گو سى، جاڭ جى، فەن چۇ قاتارلىقلار ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزلىرىگە كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ يۈن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆتەيلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاستانىگە بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ دوڭ جو ئۈچۈن قىساس ئالماقچى بولۇشتى. لۈ بۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، پاناھلىق ئىزدەپ يۈەن شۇنىڭ قېشىغا كەتتى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ليۇ شۇەندې (ليۇ بېي) نىڭ شۇجۇ شەھىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى

خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقى لى جۆ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن چىڭجۇدىكى سېرىق ياغلىقلار قوشۇنى يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لى جۆ ساۋ ساۋنىڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئوغرى ـ قاراقچىلارنى بېسىقتۇرۇشى خۇسۇسىدا پەرمان چىقاردى. ساۋ ساۋ مۇقەددەس يارلىقنى ئېلىپ سېرىق ياغلىقلار قوشۇنىنى باستۇرۇشقا قوشۇن تارتتى. ئۇ سېرىق ياغلىقلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەل بولغانلارنىڭ ئىچىدىكى سەرخىل لەشكەرلەرنى قايتىدىن تەشكىللەپ، ئۇلارغا «چىڭجۇ لەشكىرى» دەپ نام بەردى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋنىڭ نام ـ شۆھرىتى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوردا ئۇنى جېندوڭ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىگەندى. ئۇ يەنجۇدا مۆتىۋەر، بىلىمدار زاتلارنى يىغىپ توپلىدى، شۇن يۇ، شۇن يۆ، چېڭ يۇ قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەممىسى پاناھ تارتىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەچكە، ئىختىساسلىق كىشىلەر بىرمەھەل مىغىلداپ كەتتى.

تەسىر كۈچى تەدرىجىي زورايغاندىن كېيىن ساۋ ساۋ ئاتىسى ساۋ سوڭنى ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ساۋ سوڭ ئائىلىسىدىكىلەر يول ئۈستىدە شۇجۇدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا شۇجۇ ۋالىيسى تاۋ چيەن ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئەمما تاۋ چيەننىڭ قول ئاستىدىكىلەر نەپسى يامانلىق قىلىپ، ساۋ سوڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ بىساتلىرىنى ئېلىپ خۇەينەنگە قېچىپ كەتتى. ساۋ ساۋ زور قوشۇننى باشلاپ شۇجۇغا كەلدى ھەمدە لەشكەرلىرىگە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ بارلىق ئاۋام - پۇقرانى قىرىپ تاشلاپ، ئاتام ئۈچۈن قىساس ئېلىڭلار!— دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

تاۋ چيەن بولسا، ساۋ ساۋنىڭ ئاتا قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكىنى، پۇقرانى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھەسرەت - نادامەت چەكتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ساۋ ساۋغا تۇتۇلۇپ قالغاندىن كۆرە، ئۇنىڭغا ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپ شۈجۇ پۇقرالىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئېيتىۋىدى، ئۇلار قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مي جۇ ئەقىل كۆرسىتىپ، «بېيخەي ۋالىيسى كوڭ روڭدىن ياردەم سورىساق بولمامدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوڭ روڭغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۆتۈندى.

ليۇ بېي قوشۇن باشلاپ بېيخەيگە كېلىپ مۇھاسىرىنى بۇزدى. كوڭ روڭ يەنە ليۇ بېينى ئۆزى بىللە بېرىپ شۈجۈنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، ليۇ بېي ماقۇل بولدى.

ليۇ بېي گوڭ سۈنزەندىن سەركەردە جاۋ زىلوڭ ۋە 2000 كىشىلىك قوشۇننى ئارىيەت ئېلىپ، جاڭ فېي بىلەن بىللە شۈجۈغا كېلىپ تاۋ چيەن بىلەن كۆرۈشتى. ليۇ بېي ساۋ ساۋغا قوشۇن چېكىندۈرۈش خۇسۇسىدا نەسىھەت قىلىپ مەكتۇپ يازدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

ساۋ ساۋ ئەمدىلا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ ليۇ بېينى تىللاي دەپ تۇرۇشىغا تۇساتتىن لۈ بۇنىڭ يۇنجۇ، پۇياڭ قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكى خۇسۇسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ليۇ بېيغا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، قوشۇنلىرىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ يۇنجۇنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

شۈجۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تاۋ چيەن ۋالىيلىقنى ليۇ بېيغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ليۇ بېي



قەتئىي رەت قىلدى. تاۋ چيەن شۈجۈنى قوغداش ئۈچۈن ليۇ بېيغا ۋاقتىنچە يېقىن ئەتراپتىكى شياپېي دېگەن جايدا تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتتۇق، ليۇ بېي ماقۇل بولدى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈنجۈنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئۇ ساۋ رېننى يۈنجۈغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى لۈ بۇغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ پۇياڭغا كىردى. لۈ بۇ بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ جەڭ قىلدى، ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى كېچىدە لۈ بۇنىڭ غەربىي قورۇلىغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار لۈ بۇنىڭ بۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

ساۋ ساۋ شەھەر قوۋۇقىدىن كىرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ بۇ چاغدا قوشۇن

چېكىندۇرۇشكە كېچىككەندى، شۇڭا ئالاقزەدە بولۇپ غەربىي قوۋۇقتىن قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان لىۇ بۇغا ئۇچراپ قېلىپ يېڭى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. ئويلىمىغان يەردىن لىۇ بۇ كەينىگە يېنىپ قوغلاپ كەلدى ۋە يالمانلىق نەيزىسى بىلەن ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى چېكىپ تۇرۇپ:

— ساۋ ساۋ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. ساۋ ساۋ قولى بىلەن ئاللىقاياقنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئاران تەستە جېنىنى ياقىغا ئالدى.

ساۋ ساۋ چوڭ قورۇلغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن: «بىخەستەلىك قىلىپ نادانلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالدىم، مەن چوقۇم قىساس ئالىمەن!» دەپ كۆككە قاراپ قاقاھلاپ كۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشۇنغا قارىلىق تۇتۇپ، هازا ئېچىپ، «مېنى ئۆلدى دەڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. دەرۋەقە، لىۇ بۇ راستتىنلا بۇ قىلتاققا چۈشۈپ تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن بارگاھقا كەلگىنىدە لەشكەرلىرى پىستىرمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. كېيىن چېكەتكە ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئاشلىق ئۈكسۈپ قالغاچقا، ئىككى سەركەردە ئۇرۇشنى ۋاقتىنچە توختاتتى.


بۇ چاغدا 63 ياشقا كىرىپ قالغان تاۋ چيەن تۇيۇقسىز ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغاچقا، لىۇ بېيدىن ۋالىيلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، بىراق لىۇ بېي يەنىلا رەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تاۋ چيەن ۋاپات بولغاچقا، لىۇ بېي شۈجۇغا ۋالىي بولۇشقا قوشۇلدى.

لىۇ بېي شۈجۇغا ۋالىي بولغاندىن كېيىن ساۋ ساۋ شۈجۇغا هۇجۇم قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولدى. مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن سىرىق ياغلىقلارنىڭ قالدۇق قىسمىنى يوقىتىپ، ئاشلىق جۇغلاپ، قوشۇننى كۈچلەندۈرۈش خۇسۇسىدا نەسىھەت قىلدى. ساۋ ساۋ بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى، ئۇزاق ئۆتمەي رۇنەن، يىڭچۈەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋ يەنە ناھايىتى تېزلا يۇنجۇ بىلەن پۇياڭنى قايتۇرۇۋالدى. لۈ بۇ چېقىش يولى تاپالماي ئىلاجسىز لىيۇ بېيدىن پاناھلىق تىلىدى. گۇەن يۈ، جاڭ فېيلار لۈ بۇغا ياردەم بېرىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇردى، بىراق لىيۇ بېي كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەم بولغاچقا، لۈ بۇغا ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرۇشقا شىياپىينى ئۆتۈنۈپ بەردى. گۇەن يۈ بىلەن جاڭ فېي لىيۇ بېينى لۈ بۇدىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى.



# ساۋ مېڭدې (ساۋ ساۋ) نىڭ خاننى شۇدۇغا كۆچۈرگەنلىكى

ساۋ ساۋ سېرىق ياغلىقلارنى باستۇرۇپ شەندۇڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئوردا ئۇنىڭغا ئىزگۇلۇك ئورناتقۇچى سانغۇن ۋە فېيتىڭ بېگى دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. بۇ چاغدا خاندانلىقنىڭ ھوقۇقى يەنىلا گو سى، لى جۆلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار شيەندى خاننى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايتتى. ئەمىر لەشكەر ياڭ بياۋ بولسا لى جۆنىڭ خوتۇنىنىڭ كۇنداشلىقى ئىنتايىن كۇچلۇك



ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ لى جۆنىڭ خوتۇنىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، گو سى بىلەن لى جۆنى زىتلاشتۇرۇپ، ئىككىسىنى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىققا سالماقچى بولدى.

ياڭ بياۋ خوتۇنىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

ــ سەن گو سىنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا گو سىنىڭ لى جۆنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاشنىدارچىلىقى بارلىقىنى ئېيتقىن، ــ دېدى. ياڭ بياۋنىڭ خوتۇنى شۇنداق قىلدى. گو سىنىڭ خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە لى جۆ سوۋغات قىلىپ ئەكەلگەن شاراب بىلەن تاماققا ئوغا سېلىۋەتتى، ئاندىن گو سىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تاماقنى ئەتەي ئىتقا تاشلاپ بېرىۋىدى، ئىت زەھەرلىنىپ ئۆلدى. گو سى بۇنى كۆرۈپ، «لى جۆ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچىكەن ـ دە!» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى.

گو سى بىلەن لى جۆ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۈشمەنلىشىپ، چاڭئەننىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئۆز ئارا ئۇدا جەڭ قىلىشتى. لى جۆنىڭ قول ئاستىدىكى ياڭ فېڭ ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ خاننى قۇتۇلدۇرماقچى بولدى، ئەمما مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا ئىلاجسىز چاڭئەندىن قېچىپ كەتتى.

جاڭ جى گو سى بىلەن لى جۆنى ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولۇپ قوشۇن باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ چاڭئەن شەھىرىنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شيەندى خاننى لوياڭغا ئېلىپ كەتتى.

پەيتون بالىڭغا يېتىپ كەلگەندە لى جۆ بىلەن گو سى پەيتوننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ياڭ فېڭ شيەندى خاننىڭ چېگرادىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغاچقا، ئالايىتەن خاننىڭ پەيتوننى قوغدىغىلى كەلگەندى، خاننىڭ تۇغقىنى دوڭ چېڭمۇ لەشكەر باشلاپ كېلىپ شيەندى خان قاتارلىقلارنى قوغداپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن لوياڭغا قايتىپ كەتتى.

شيەندى خان گو سى، لى جۆلەرنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى

توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەندۇڭغا بېرىپ ساۋ ساۋنىڭ قېشىدا پاناھلانماقچى بولدى. ئۇلار ئەمدىلا لوياڭدىن چىقىپ تۇرۇشىغا ساۋ ساۋنىڭ زور قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ساۋ ساۋ گو سى، لى جۆلەرنى چېكىندۇرۇپ، شيەندى خاننى يەنە لوياڭدىكى ئوردىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ساۋ ساۋ ۋەزىرلەرنىڭ ئۆزىگە قايىل بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ئوردىغا كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئالىيلىرى، شۇدۇ شەندۇڭغا يېقىن، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش قولايلىق، ئۆزلىرىنىڭ شۇدۇغا بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى. خاننىڭ شۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئىلاجى يوق ئىدى، ۋەزىرلەرمۇ بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇدۇغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋ ئوردىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ بولغانىدى.



ساۋ ساۋنىڭ ليۇ بېي، لۇ بۇلارنىڭ تەسىر كۆچىنىڭ زورىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يەنىلا شۇجۇنى قايتۇرۇۋالغۇسى بار ئىدى.
مەسلىھەتچىسى شۈن يۈ ئۇنىڭغا:
— «ئىككى يولۋاسقا ئولجا تالاشتۇرۇش» ھىيلىسىنى ئىشلىتەيلى، يەنى ليۇ بېيغا مەنسەپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا يەنە لۇ بۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خۇسۇسىدا مەخپىي يارلىق چۈشۈرەيلى، — دەپ تەدبىر كۆرسەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ تەدبىرىنى ليۇ بېي سېزىپ قالدى.
ليۇ بېي مەخپىي مەكتۇپنى لۇ بۇغا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەرگىز بۇنداق ئىپلاس ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ساۋ ساۋ «ئىككى يولۋاسقا ئولجا تالاشتۇرۇش» ھىيلىسى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن يەنە «يولۋاسقا بۆرە ئالدۇرۇش» ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكچى بولۇپ، ئالدى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ يۈەن شۇغا ليۇ بېينىڭ نەنياڭ ئايمىقىغا تەگمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى، ئاندىن يەنە ليۇ بېينى ئوچۇق - ئاشكارا چاقىرتىپ ئەكىلىپ، ئۇنى يۈەن شۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى.
ليۇ بېي بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما خان يارلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالماي ئىلاجسىز جەڭگە ئاتلاندى. جاڭ فېي شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن قېلىپ قالدى. كىم بىلسۇن، ليۇ بېي كەتكەندىن كېيىن جاڭ فېي كەيپ بولۇپ قېلىپ ساۋ باۋنى سەۋەبسىزلا ئۇردى. نەتىجىدە ئۇ تېخى كەيپىلىكتىن يېشىلمەستىلا ساۋ باۋ لۇ بۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە شۇجۇنى بېسىۋالدى.
يۈەن شۇ لۇ بۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلدى. ليۇ بېي ئىككىسىنىڭ بىرلىشىۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئېغىر چىقىم تارتتى. ئويلىمىغان يەردىن لۇ بۇ ئۇنى شياپېيدا پاناھلىنىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
سۈن سې گەرچە يۈەن شۇنىڭ قېشىدا پاناھلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى دائىم پەرىشان ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ

ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دۆلەتنىڭ ئاتا مىراس قاشتېشى مۆھۈرىنى يۈەن شۇغا رەنىگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن 3000 لەشكەر ۋە 500 جەڭ ئېتىنى ئۆتنە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن جياڭدوڭغا كەلدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي خېلى كۈچلىنىپ قالغاچقا، يۈەن شۇنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن قاشتېشى مۆھۈرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يۈەن شۇ مۆھۈرنى قايتۇرۇپ بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، جىنايىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى ئەيىبلىمەكچى بولدى. مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە قويۇپ قويۇپ ئالدى بىلەن ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغاندى. لۈ بۇ «كالپۇك بولمىسا چىش توڭلاپ قېلىش»تىن ئەنسىرەپ، ليۇ بېيغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى.

يۈەن شۇنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۈ بۇ يۈەن شۇنىڭ سەركەردىسى جى لىڭ بىلەن ليۇ بېينى چېدىرغا چىللاپ زىياپەت بېرىپ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، جى لىڭ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:




ــ ئەگەر مەن قارارگاھ قوۋۇقىدىن 150 چامدام نېرىدا تۇرۇپ يا ئوقىنى يالماۋنىڭ كىچىك ئاچىمىقىغا تەگكۈزەلىسەم ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىڭلارنى قايتۇرۇپ كېتىسىلەر، ئەگەر تەگكۈزەلمىسەم جەڭنى داۋاملاشتۇرساڭلار بولىدۇ، ــ دېدى. لۈ بۇ ئوقنى نىشانغا دەل تەگكۈزگەچكە، جى لىڭ يارىشىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

يۈەن شۇ نىيىتىدىن يانماي يەنە «يات كىشىگە ئىككى تۇغقان ئارىسىدا كۈن يوق» دېگەن ماقال بويىچە ئىش كۆرۈپ، لۇ بۇنىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى، بۇنىڭدىن كېيىن قىزى ئارقىلىق دادىسىغا بېسىم ئىشلەتمەكچى بولدى. كېلىنچەكنى يۆتكەيدىغان كۈنى لۇ بۇ يۈەن شۇنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قېلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ قىزىنى قايتۇرۇپ كەلدى.

جاڭ فېي قاراملىق قىلىپ لۇ بۇ سېتىۋېلىپ كەلگەن 50 تۇياق سەرخىل ئاتنى بۇلىدى. لۇ بۇ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوشۇن باشلاپ كېلىپ ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلدى. ليۇ بېي لۇ بۇغا رەقىب بولالمايتتى. شۇڭا، ئۇ نائىلاج قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، كېچىلەپ ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا پاناھلىق ئىزدەپ ماڭدى.

ساۋ ساۋ ليۇ بېينى ۋاقتىنچە ئېلىپ قالماقچى ھەمدە ئۇنى يۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماقبېگىگە تەۋسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە لۇ بۇغا زەربە بەرمەكچى بولدى.



www.uyghurkitap.com

# لۇ بۇنىڭ ئاق قوۋۇق راۋىقىدا جېنىدىن جۇدا بولغانلىقى

ساۋ ساۋ قوشۇن چىقىرىپ لۇ بۇغا جازا يۇرۇشى قىلاي دەپ تۇرغاندا جاڭ جىنىڭ جىيەنى جاڭ شيۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئىسيان كۆتۈرگەچكە، ئۇ ئالدى بىلەن جاڭ شيۇ توپىلىڭىنى تىنچىتماقچى بولدى. جاڭ شيۇ ساۋ ساۋنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئەل بولدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ۋەنچېڭ شەھىرىگە كىرىپ چۇشكۇن قىلدى، ئۇ جاڭ جىنىڭ خوتۇنى زۇ شىغا شەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئىككىسى شەھەر سىرتىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ساۋ ساۋ سەركەردىسى ديەن ۋېيگە چېدىر قوۋۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىشنى ئائىلىسىدىكىلەر جاڭ شيۇغا مەخپىي يوسۇندا دەپ قويدى . جاڭ شيۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ كېچىدە ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلدى، ساۋ ساۋ ئاتلىق قېچىپ دەريادىن ئۆتۈپ جېنىنى ياقىغا ئالدى، بىراق ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى، جىيەنى ۋە ئامراق سەركەردىسى ديەن ۋېيلەر جېنىدىن ئايرىلغانىدى. ساۋ ساۋ ئۇلارنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئەتىسى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتتى.

يۇەن شۇ: «زېمىنىم كەڭرى، ئاشلىقىم كۆپ ھەم قاشتېشى مۆھۈرۈم بار» دەپ ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا قويۇپ، خۇەينەندە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ لۇ بۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. لۇ بۇ مەسلىھەتچىسىنىڭ تەۋسىيەسىگە بىنائەن يۇەن شۇنىڭ بارگاھىدىكى ياڭ فېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى سېتىۋالدى، ساتقۇنلار ئىچكى جەھەتتىن

ماسلىشىدىغان بولدى، ئۇ يەنە لىيۇ بېي بىلەن بىرلەشتى، ئۇلار ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ يۈەن شۇغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى.

يۈەن شۇ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ خۇەينەنگە قايتىپ كەلدى. ساۋ ساۋ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ لىيۇ بېينى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ سۇن سې بىلەن بىرلىكتە يۈەن شۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشىنى ئېيتتى. يۈەن شۇ قورقۇپ جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى ھەمدە ئۇلار ئاشلىقى تۈگەپ ئۆزلۈكىدىن چېكىنگىچە ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەك بارغانسىرى ئاز قالغاچقا، غوجىدار ساۋ ساۋدىن:

ــ لەشكەر كۆپ، ئاشلىق ئاز، قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ سورىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرگە ئاشلىقنى كىچىك خو (خو ــ قەدىمكى دەۋردىكى ئۆلچەش ئەسۋابى، بىر خو ئاشلىق بەش كۈرەگە توغرا كېلىدۇ) دا ئۆلچەپ بېرىشنى ئېيتتى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن نارازى بولۇشتى. ساۋ ساۋ نارازىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاشلىق باشقۇرغۇچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئېگىز خادىغا ئېسىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئاشلىقىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن لەشكىرىي قانۇن بويىچە جازالانغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئارقىدىنلا سەركەردە ۋە لەشكەرلەرگە ئۈچ كۈندە يۈەن شۇ تۇرۇۋاتقان جاينى ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ شيۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقى، نەنياڭ، جياڭلىڭ قاتارلىق ناھىيەلەردىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى خۇسۇسىدا خەۋەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن يۈەن شۇنى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ، ئاستانىگە قايتىپ جاڭ شيۇغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئىشىنى كېڭەشتى.

ساۋ ساۋ يەنە قوشۇن چىقىرىپ جاڭ شيۇ توپىلىڭىنى تىنچىتـ ـتى، بۇ چاغدا بۇغدايلار پىشىپ قالغانىدى، ئۇ ئۈچ قوشۇنغا بۇغدايلىقنى چەيلىگەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش خۇسۇسىدا بۇيـ ـرۇق چۈشۈردى. ئۇيلىمىغان يەردىن مىنىۋاتقان ئېتى ئۈركۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى



بۇغدايلىقتا كىرىپ كېتىپ چوڭ بىر پارچە بۇغدايلىقنى چەيلىۋەتتى. ساۋ ساۋ زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندا سەركەردە ــ سانغۇنلار يېلىنىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنگە ھېساب بولسۇن ئۈچۈن چېچىنى كەستى. سەركەردە ۋە لەشكەرلەر ئۇنىڭ لەشكىرىي قانۇنغا شۇ قەدەر بويسۇنغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئۇنى ئۆرنەك قىلىپ لەشكىرىي قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى نەنياڭنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن جاڭ شيۇنىڭ بارگاھىنى ئۈچ كۈنگىچە قورشاپ كۆزەتتى. ساۋ ساۋ شەرقىي جەنۇب بۇرجەكتىكى مۇھاپىزەتنىڭ ئانچە مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئاشۇ جايدىن جاڭ شيۇغا تېگىش قىلماقچى بولدى. ئۇ تاشقى جەھەتتە لەشكەرلىرىنى غەربىي شىمال بۇرجەككە مەركەزلەشتۈرگەندەك تۇيغۇ بېرىپ جاڭ شيۇنى پەم بىلەن قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بولدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى جاڭ شيۇنىڭ مۇشاۋىرى جيا شۇ سېزىپ قېلىپ، جاڭ شيۇغا «ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى بابلاش» تەدبىرىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ شيۇ لەشكىرىي كۈچىنى شەرقىي جەنۇب بۇرجەكتىن ئەتەي تارقاقلاشتۇرۇپ غەربىي شىمال بۇرجەككە مەركەزلەشتۈردى، ئەمەلىيەتتە بولسا شەرقىي جەنۇب بۇرجەككە يوشۇرۇن ھالدا پىستىرما قۇرۇپ قوشۇنىنىڭ زور قىسمىنى پىستىرمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. دەرۋەقە، ساۋ ساۋ كېچىسى

تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا بۇ قىلتاقتا چۈشۈپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كەتتى.


ساۋ ساۋ قېچىپ ئەنجوك ناھىيەسىگە كەلگەندە تاغ يولىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «جاڭ شيۇ مۇشۇ يەردە ئالدىمنى توسۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، تاغ يولىنى قېزىپ پىستىرما قۇرۇپ، جاڭ شيۇنىڭ قوشۇنلىرىنى خەتەرلىك جىلغىغا ئالداپ ئەكىرىپ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتماقچى بولدى.

بىرەيلەن ئۇشتۇمتۇت يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنىڭ شۈدۈغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلغاچقا، ساۋ ساۋ كونا ئۇۋۇسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرەپ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ دەرھال چېكىندى. جاڭ شيۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوغلاپ كەلگەندە ساۋ ساۋنىڭ پىستىرمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان سەرخىل ھىماتچى قوشۇنىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەتتى. ئەمما، مۇشاۋىر جيا شۈ داۋاملىق قوغلاۋېرىشنى ئېيتقاچقا، جاڭ شيۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. نەتىجىدە ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئەسى بوشاپ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

يۈەن شاۋ ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ گوڭ سۈنزەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ساۋ ساۋمۇ ئۇنى قوغلاشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئالدى بىلەن يوشۇرۇن خەۋپ لۈ بۇنى يوقاتماقچى بولۇپ، ليۇ بېينىڭ ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشى خۇسۇسىدا مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتتى. لۈ بۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ لەشكەر ئەۋەتىپ ليۇ بېي تۇرۇۋاتقان پېيچېڭ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

لۈ بۇ پېيچېڭ شەھىرىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاندىن پېيچېڭ شەھىرد-نى ئالدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ليۇ بېي، گۈەن يۈ، جاڭ فېي ۋە ليۇ بېينىڭ خوتۇنى بىر - بىرىدىن ئادىشىپ كەتتى. ليۇ بېي نائىلاج پاناھلىق ئىزدەپ ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇ يول ئۈستىدە سۈن چيەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىرگە ساۋ ساۋنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساۋ ساۋ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بېرىپ ئاتا ـ بالا چېن گۈيلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىششى ئار ـ قىسىدا بىرقانچە كۈنگە قالمايلا شياپىي ۋە شۇجۇنى ئالدى. لۈ بۇ، چېن گوڭلار با ـ لىچاقىسىنى ئېلىپ شياپىيغا قېچىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ شياپىينى مۇھاسىرىگە ئالدى. چېن گوڭ ياۋنى چېكىندۈرۈشكە تەدبىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما لۈ بۇنىڭ خوتۇن ۋە توقاللىرى، لۈ بۇ شەھەردىن چىقىپ قارشى جەڭ قىلسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، «جەڭگە چىقماڭ، شەھەر قوۋۇقىنى مەھكەم تاقىۋالايلى» دەپ يىغا ـ زار قىلىشىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

لۈ بۇ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، تۆھپە كۆرسەتكەن سەركەردىسى خۇ چېڭنى كالتەكلەپ جازالىغاچقا، سەركەردە ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى.

لۈ بۇ ئۇدا بىرقانچە كۈن ھېرىپ ـ چارچىغاچقا، ئۆزىمۇ سەز ـ مەستىن سېپىل ئۈستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قال ـ دى. قول ئاستىدىكى سوڭ شيەن ۋە ۋېي شۇ ئۇنى ئورۇندۇققا مەھكەم باغلاپ قويدى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلى ـ نىپ شەھەرگە بېسىپ كىردى.

ياساۋۇللار لۈ بۇنى باغلاۋاتقاندا چېن گوڭ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ساۋ ساۋ يەنىلا چېن گوڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەندى، ئەمما چېن گوڭ: «ھەرگىزمۇ ساڭا ئەل بولمايمەن، ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر» دەپ بويىنىنى تۇتۇپ تۇرۇۋالغاچقا، لەشكەرلەر كاللىسىنى ئالدى. ساۋ ساۋ ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ دەپنە قىلدى ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى.

لۈ بۇ قايتا ـ قايتا يېڭىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كاللىسى ئېلىندى.

لۈ بۇنىڭ سەركەردىسى جاڭ لياۋ ساۋ ساۋنى «مۇناپىق» دەپ ۋارقىراپ تىللىدى. ساۋ ساۋ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئەمدىلا شەمشىرىگە قول ئۇزىتىشىغا ليۇ بېي ئۇنى توسۇۋالدى، گۇەن يۈمۇ تىزلىنىپ جاڭ لياۋ ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى. ساۋ ساۋ ئۆزىمۇ جاڭ لياۋنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە قايىل بولغاچقا، ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى. جاڭ لياۋ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ساۋ ساۋغا ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئۇنى ئەمىر نۆكەرلىكىگە تەيىنلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ساۋ ساۋنىڭ مەي ئىچىۋېتىپ قەھرىمانلار ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى

ساۋ ساۋ شۈچاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لىيۇ بېينى ئېلىپ شيەندى خان بىلەن كۆرۈشكىلى باردى ھەمدە خانغا لىيۇ بېينىڭ تۆھپىسىنى مەلۇم قىلدى. جەمەت نەسەبنامىسى بويىچە تىزغاندا خەن شيەندى لىيۇ بېينى تاغا دېسە توغرا بولاتتى، شۇڭا ئۇ لىيۇ



بېينى خان تاغىسى دەپ ئاتىدى ھەمدە ئۇنى سول قانات سانغۇن، يېتىلىك بېگىلىكىگە تەيىنلىدى. ساۋ ساۋ بىر كۈنى خاننى شۇتيەنگە شىكارغا تەكلىپ قىلدى. خان بىر بۇغىغا ئۇدا ئۈچ تال ئوق ئۈزۈۋىدى، بىرىمۇ تەگمىدى. ئۇ ساۋ ساۋغا كامانىنى ئۇزىتىپ:

— سىز ئېتىپ بېقىڭ! — دېدى.

ساۋ ساۋ بىر تال ئوقتىلا بۇغىنى يىقىتتى. ۋەزىرلەر بۇغىغا تەگكەن قىرلىق ئوقنى كۆرۈپ: «خانىمىز تەگكۈزگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، «خانىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي!» دەپ توۋلاشتى، ساۋ ساۋ ئېتىنى دېۋىتقىنىچە خاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئالقىشلارنى قوبۇل قىلدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ كەيپى ئۇچتى، ليۇ بېينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان گۇەن يۈ دەرغەزەپ بولۇپ، قىيغاچ قىلىچىنى



قېشى تىك تۇردى. ئۇ يۇمۇق كۆزىنى ئېچىپ قىلىچىنى

كۆتۈرگىنىچە ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈشكە ئات چاپتۇرماق بولۇۋىدى، ليۇ بېي كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئالمان ـ تالمان توسۇپ قويىدى.

شيەندى خان ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خانىش فۇ خېنىمغا شىكار جەريانىدا بولغان ئىشلارنى يۇم ـ يۇم يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەردى. شۇ ئارىدا خانىش فۇ خېنىمنىڭ ئاتىسى فۇ ۋەن ئوردىغا كىرىپ كەلدى ۋە بۇزۇقلارنى يوقىتىشقا خانىنىڭ ئانا تەرەپتىن بولغان تاغىسى دوڭ چېڭنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلدى. خان ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە بارمىقىنى چىشلەپ قانىتىپ، قېنى بىلەن بىر پارچە شايىغا يارلىق پۈتۈپ، ساۋ ساۋنىڭ ئادەملىرى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى زەر كەمەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تىكتۈرۈپ، دوڭ چېڭنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەمەرنى سەرپايلار بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. دوڭ چېڭ قان بىلەن پۈتۈلگەن يارلىقنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن ۋەزىرلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن قان ئىچىپ قەسەم قىلىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ليۇ بېي قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە خەن شيەندىنى ھىمايە قىلىپ، ساۋ ساۋنى يوقىتىشقا ئەھدە قىلىشتى.

ليۇ بېي ساۋ ساۋنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيىدىن تالاغا چىقماي، ئارقا ھويلىدا كۆكتات تېرىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

بىر كۈنى ساۋ ساۋ ليۇ بېينى شاراب زىياپىتىگە چىللىدى. ئۇ شاراب ئىچىۋېتىپ قەھرىمانلار ئۈستىدە توختىلىپ:

ــ قەھرىمانلار زور ئىرادىلىك، تەدبىرلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، پۈتۈن جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك، ــ دېدى.

ــ كىم ئەمىسە سىز دېگەن قەھرىمانلارنىڭ جۈملىسىدىن بولالايدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ليۇ بېي ئۇنىڭدىن. ساۋ ساۋ قولى بىلەن ئاۋۋال ليۇ بېينى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ھازىر ئەلدىكى قەھرىمانلاردىن جانابلىرى بىلەن ئىككىمىزلا قاپتىمىز! ــ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ

كەتكەنلىكتىن ليۇ بېينىڭ قولىدىكى چوكا بىردىنلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ دەل يامغۇر يېغىشقا تەمشىلىپ، گۆلدۈرماما قاتتىق گۈلدۈرلىگەن پەيتكە ئۇدۇل كېلىپ قالغاچقا، ليۇ بېي ئېڭىشىپ چوكىنى يەردىن ئالدى ۋە:
— هاۋانىڭ بىرلا گۈلدۈرلىشى بىلەن چوكىمۇ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى، — دېدى.
— ئەزىمەتمۇ گۈلدۈرمامىدىن قورققان بارمۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— بۇنداق قاتتىق گۈلدۈرمامىدىن ھېچكىم قورقماي تۇرالمايدۇ! — دېدى ليۇ بېي. شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋنىڭ: «ليۇ بېي مەندىن ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىپ قالارمۇ؟» دېگەن گۇمانى يوقالدى.



بىر كۈنى لىيۇ بېي يۈەن شۈنىڭ قاشتېشى مۆھۈرنى يۈەن شاۋغا سوۋغا قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ شۇجۇغا بېرىپ ئۇنى توسۇماقچى بولدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا بەش تۈمەن لەشكەر بەردى ۋە «بىللە بارسۇن» دەپ جۇ لىڭ بىلەن لۇ جاۋنى قوشۇپ قويدى. ساۋ ساۋنىڭ لىيۇ بېينى ئالىقىنىدىن چىقىرىپ قويغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ لىيۇ بېي كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بەش تۈمەن لەشكەرنى تۇتقۇزۇپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۇنى قوغلاشقا شۇ چۈنى ئەۋەتتى، لىيۇ بېي خانىنىڭ يارلىقىغا خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ شۇدۇغا قايتقىلى ئۇنىمىدى.

لىيۇ بېي يۈەن شۈنى مەغلۇپ قىلدى. يۈەن شۇ قېچىپ جياڭتىڭغا بارغاندىن كېيىن ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئاشلىقىمۇ تۈگىگەنىدى. ئۇ يىرىك تاماقنى يۇتالماي، خىزمەتكارىنى ھەسەل ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. خىزمەتكار:

— ئەمدى ھەسەل نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئىچەي دېسىلا قان بار، شۇنى ئىچسىلە، — دېۋىدى، يۈەن شۇ غەزەپتىن بىر ۋارقىراپلا قان سەپرا بولۇپ ئۆلدى.

يۈەن شۇ ئۆلگەندىن كېيىن لىيۇ بېي جۇ لىڭ بىلەن لۇ جاۋنى قايتۇرۇۋېتىپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ شۇجۇغا كەتتى. ساۋ ساۋ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ شۇجۇنىڭ ۋالىيسى چې جۇغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا لىيۇ بېينى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. گۈەن يۈنچاڭ (گۈەن يۈ) چې جۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى، شۇجۇ يەنە لىيۇ بېينىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

لىيۇ بېي بولسا ساۋ ساۋنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، چېن دېڭغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. چېن دېڭ ئۇنىڭغا يۈەن شاۋ بىلەن بىرلىشىپ ساۋ ساۋغا قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە شۇجۇدىكى جېڭ شۈەن بىلەن يۈەن شاۋنىڭ قەدىناس ئاغىنە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشقا شۇ كىشىنىڭ ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەلقىسسە، يۈەن شاۋ جېڭ شۈەننىڭ مەكتۇپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 30 تۈمەن لەشكەر چىقىرىپ ليۇ بېينىڭ ساۋ ساۋنى يوقىتىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى ھەمدە دىۋان مىرزىسى چېن لىننى ساۋ ساۋغا جازا يۈرۈشى قىلىش خۇسۇسىدىكى شىكايەتنامىنى يېزىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. شىكايەتنامە پۈتۈپ چىقىلدى، ئۇنىڭدا ساۋ ساۋنىڭ بارلىق جىنايەت ئەھۋالى قەيت قىلىنغان ھەمدە ساۋ ساۋنى تىللاپ رەسۋا قىلىۋېتىلگەندى. يۈەن شاۋ شىكايەتنامىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدى ھەمدە ئۇنى ھەرقايسى جايلارغا چاپلاشقا بۇيرۇدى.

شىكايەتنامە شۇدۇغا يېتىپ كەلگەن چاغدا ساۋ ساۋنىڭ باش ئاغرىقى قوزغىلىپ تۆشەكتىن قوپماي ياتقانىدى. شىكايەتنامىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچچىقتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، بىر تەرلەپلا كېسىلى ساقىيىپ قالدى. ئۇ دەرھال ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جوڭنى يالغاندىن ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۆزى يۈەن شاۋ بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇننى باشلاپ لىيياڭغا يۈرۈپ كەتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى لىيياڭدا ئىككى ئاي تىركەشكەندىن كېيىن ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ شۇدۇغا قايتتى.

ليۇ بېينىڭ سەركەردىلىرى ساۋ ساۋنىڭ سانغۇنى ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جوڭنى تۇتۇۋالدى. ليۇ بېي ساۋ ساۋنىڭ چىشىغا تېگىشنى خالىمىغاچقا، ئۇلارنى قويۇپ بېرىپ شۇدۇغا قايتۇرۇۋەتتى.

ليۇ بېي ئۆزئارا ماسلىشىپ ساۋ ساۋغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن گۈەن يۈگە شياپىنى ساقلاشنى، سۈن چيەنگە شۈجۈنى ساقلاشنى بۇيرۇپ، ئۆزى جاڭ فېي بىلەن بىللە شياۋپېينى قوغداشقا كەلدى.


ساۋ ساۋ جاڭ شيۇ بىلەن ليۇ بياۋنى تەسلىم قىلدۇرماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن قول ئاستىدىكى ليۇ يېنى جاڭ شيۇنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈشكە ئەۋەتتى. ليۇ يې جاڭ شيۇنىڭ مۇشاۋىرى جيا يىنى تېپىپ، ئۇ ئارقىلىق ساۋ ساۋنىڭ ئەل قىلدۇرۇش ئىشىنى ئېيتتى. جاڭ شيۇ پايدا ـ زىياننى مۆلچەرلەپ كۆرگەندىن كېيىن ساۋ ساۋغا ئەل بولدى.

ساۋ ساۋ ليۇ بياۋنى ئەل قىلدۇرۇشقا كوك روڭنى بۇيرۇدى. كوك روك بۇ ئىشقا مىي خېڭنى تەۋسىيە قىلدى. ساۋ ساۋ مىي خېڭنىڭ ئالىجوقىلىقىدىن بىزار بولغاچقا، ئۇنى دۇمباق بېگىلىكىگە تەيىنلىدى.

ساۋ ساۋ ئەتىسى زالدا زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا مىي خېڭ دۇمباق چېلىپ ئۇنى تىللىدى. ساۋ ساۋ پەرۋا قىلماي، ئۇنى جىڭجۇغا بېرىپ ليۇ بياۋنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى ھەمدە ناۋادا ليۇ بياۋنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرەلىسە ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مىي خېڭ ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى بىردەم كولدۇرلىتىپ مەسخىرە قىلدى. ليۇ بياۋ بۇنىڭ ساۋ ساۋنىڭ «خەقنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھىيلىسى» ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە:

— ساۋ ساۋ سىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە خەقنىڭ مازاق قىلىشىدىن قورقۇپ مىنى تىللاتقىلى قىشىمغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇ مېنىڭ قولۇم بىلەن سىنى ئۆلتۈرمەكچى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىي خېڭنى خۇاڭ زۇ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. خۇاڭ زۇ پالۋان بولغاچقا، قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرماي مىي خېڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.




www.uyghurkitap.com

# توپا تاغدا گۈمەن يۈنىڭ ئۈچ شەرت قويغانلىقى

خان تاغىسى دوڭ چېڭ زەر كەمەرگە يوشۇرۇلغان پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋاڭ زىفۇ بىلەن كېچە ـ كۈندۈز ساۋ ساۋنى قانداق قىلغاندا ئۆلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى خۇسۇسىدا مەسلىھەت ۋە كېڭەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئاقىۋەتتە يەنىلا ھېچقانداق ياخشى چارە تاپالمىدى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇقتا ئۇچىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرەت ۋە نەپرەت تۈپەيلىدىن ساقسىز بولۇپ قالدى. شيەندى خان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوردا تېۋىپى جى پىڭنى ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا ئەۋەتتى. جى پىڭ دوڭ چېڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر غەم ـ غۇسسىسى بارلىقىنى بىلىپ سەممىي مۇڭداشتى. ئوردا تېۋىپى جى پىڭ پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالى بىلەن ئوردا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ دوڭ چېڭغا ساۋ ساۋنى ئۆزى يالغۇزمۇ ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، دوڭ چېڭ:


ــ قانداق ئۆلتۈرەلەيدىلا؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ساۋ ساۋنىڭ دائىم شەقىقە كېسىلى بىلەن بېشى ئاغرىپ قالىدۇ، ئۇ مېنى كېسىلىنى كۆرۈشكە چاقىرتقاندا دورىسىغا ئوغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈۋەتسەملا ئىش پۈتىدۇ، ــ دېدى جى پىڭ.

ئىككىسى ساۋ ساۋنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىشتى. دوڭ چېڭنىڭ چاكىرى چىن چىڭتوڭ بىلەن ساۋ ساۋنىڭ دېدىكى دوست ئىدى. دوڭ چېڭ بۇنى ئۇقۇپ قېلىپ چاكىرىنى تازا دۇمبالىغاندىن كېيىن سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويدى.

چىن چىڭتوڭ بۇ ئىشقا ئاداۋەت ساقلاپ، كېچىسى تۆمۈر قولۇپنى بۇزۇپ ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى ھەمدە ئۆزى ئاڭلىغان ساۋ ساۋنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىدىكى مەخپىي گەپنىڭ ھەممىنى دەپ قويدى. دوڭ چېڭ چاكىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشىنى ئويلىمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانىدى.

ساۋ ساۋ يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ جى پىڭنى داۋالاپ قويۇشقا چاقىرتتى. جى پىڭ ساۋ ساۋنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «بۇ قېتىم ئۇنى ئۆلتۈرەلەيدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بولدى ۋە ساۋ ساۋنىڭ قايناتما دورىسىغا ئوغا سېلىۋەتتى. ئۇ ساۋ ساۋغا دورىنى قىزىق ۋاقتىدا ئىچىشنى ئېيتتى.



— سىز ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، قائىدە - رەسمىيەتلەرنى ئوبدان بىلىسىز، خان، ۋەزىرلەر بىتاپ بولۇپ دورا ئىچمەكچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئەمەلدار، تۆرىلەر تېتىپ بېقىشى كېرەك. سىز مېنىڭ يېقىن ئادىمىمسىز، نېمىشقا دورىنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز تېتىپ باقمايسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ. جى پىڭ ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭغا دورىنى مەجبۇرىي قۇيۇپ بەردى. ساۋ ساۋ بىرلا ئىتتىرىۋىدى، دورا يەرگە تۆكۈلۈپ ئوغىنىڭ كۈچىدىن خىش يېرىلىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ جى پىڭنى دوڭ چېڭنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ شېرىكلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىدى. جى پىڭ دەپ بەرگىلى ئۇنىماي پەشتاققا ئۇسسۇپ ئۆلۈۋالدى.

ساۋ ساۋ دوڭ چېڭنىڭ ئۆيىدىن زەر كەمەرگە يوشۇرۇلغان ھېلىقى پەرماننى تېپىۋېلىپ دوڭ چېڭ، ۋاڭ زىفۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتلىئام قىلدى، يەنە ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ دوڭ چېڭنىڭ سىڭلىسى — كىچىك خانىش دوڭ خېنىمنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا كىچىك خانىشنىڭ قورساق كۆتۈرگىنىگە بەش ئايدىن ئاشقانىدى. خان ھەرقانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ساۋ ساۋ يەنىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. دوڭ چېڭنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك جەمئىي 700 ئادەم قەتلىئام قىلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئاۋام - پۇقرالارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپ، يۇم - يۇم ياش تۆكۈشكەنىدى.

ساۋ ساۋنى قەستلەشكە ليۇ بېيمۇ قاتناشقان بولغاچقا، ساۋ ساۋ 20 تۇمەن لەشكەرنى باشلاپ بەش يولغا بۆلۈنۈپ ليۇ بېيغا جازا يۈرۈشى قىلىپ شۈجۈغا ئاتلاندى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە ليۇ بېي جاڭ فېينىڭ پىكرى بويىچە كېچىسى ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ساۋ ساۋنىڭ بۇنىڭغا قارىتا بۇرۇنلا تەييارلىقى بولغاچقا ليۇ بېي قىلتاققا چۈشتى. ئۇ جاڭ فېي بىلەن ئادىشىپ كەتكەچكە پاناھلىق تىلەپ يۈەن شاۋنىڭ

قېشىغا باردى. يۈەن شاۋ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ جىجۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ چاغدا گۈەن يۈنچاڭ (گۈەن يۈ) شىياپىنى قوغداپ، لىيۇ بېينىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ساۋ ساۋ گۈەن يۈنى ئېزىقتۇرۇپ جەڭگە چاقىرىپ قويۇپ، ئاندىن شىياپىغا تېگىش قىلىپ ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. گۈەن يۈ بىر توپا تاغدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى.

جاڭ لياۋ تاغقا چىقىپ گۈەن يۈنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

ــ سىز مېنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلماڭ، ــ دېدى گۈەن يۈ ئۇنىڭغا، ــ گەرچە مەن ھازىر خەتەر ئىچىدە قالغان بولساممۇ، ئەمما يەنىلا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايمەن، ھازىرلا تاغدىن چۈشۈپ جەڭگە چىقىمەن.

جاڭ لياۋ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

ــ لىيۇ بېي بالىچاقىلىرىنى سىزگە تاپشۇرغان تۇرسا، سىز ئۆلسىڭىز ئۇلارنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ... ــ دېدى. گۈەن



يۈ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرھازا چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار: بىرىنچىسى، ئەل بولسامۇ ساۋ ساۋغا ئەمەس، خەن ئوردىسىغا ئەل بولىمەن؛ ئىككىنچىسى، ليۇ بېينىڭ مائاشى بىلەن ئىككى يەڭگەمنى باقىمەن؛ ئۈچىنچىسى، ليۇ بېينىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالىساملا، ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن. مۇبادا ساۋ ساۋ بۇ ئۈچ شەرتكە قوشۇلسا مەن دەرھال دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىمنى سېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭغا ئەل بولىمەن. ئەگەر قوشۇلمىسا ئۆلۈشكە رازىمەن.

ساۋ ساۋ گۈەن يۈنىڭ قويغان ئۈچ شەرتىگە ماقۇل بولدى ھەمدە ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كىچىك زىياپەت، بەش كۈندە بىر قېتىم چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، يەنە ئۇنىڭغا ساھىبجامال قىز ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىمخاب ـ دۇردۇنلارنى سوۋغا قىلدى. گۈەن يۈ ساۋ ساۋ سوۋغا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكىرىپ يەڭگىسىگە بەردى، ساھىبجاماللارنى يەڭگىسىنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ساۋ ساۋ بۇ ئىشلاردىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن گۈەن يۈنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى.

ساۋ ساۋ ئادەملىرىگە بىر ئاتنى ئەكەلدۈرۈپ گۈەن يۈدىن بۇ ئاتنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى.

— بۇ لۇ بۇنىڭ چىلان تورۇقى ئەمەسمۇ؟ — دېدى گۈەن يۈ.

ساۋ ساۋ بۇ ئاتنى گۈەن يۈگە سوۋغا قىلىۋەتتى. گۈەن يۈ ليۇ بېينى تولىمۇ سېغىنغانلىقىنى، بۇ ئات بىر كۈندە مىڭ چاقىرىم يول باسالايدىغان بولغاچقا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاغىسى بىلەن تېخىمۇ پاتراق دىدارلىشىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى بايان ئەيلەپ ساۋ ساۋغا تەشەككۈر ئېيتتى. گەرچە ساۋ ساۋ ئاغزىدا گۈەن يۈنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ماختىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن سەل ـ پەل رەنجىدى.

يۈەن شاۋ يەنە لەشكەر تارتىپ ساۋ ساۋغا جازا يۈرۈشى قىلدى. يۈەن شاۋنىڭ قوشۇنىدىكى جەڭگىۋار سەركەردە يەن لياڭ

باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز ئىدى، ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ساۋ ساۋنىڭ ئىككى سانغۇنىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ساۋ ساۋ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قوشۇنىدا يەن لياڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان بىرمۇ سەركەردە يوق ئىدى. مۇشاۋىر چېڭ يۈن ساۋ ساۋغا:

— يەن لياڭغا پەقەت گۇەن يۇلا تەڭ كېلەلەيدۇ، — دەپ گۇەن يۇنى تەۋسىيە قىلدى.

— مەن ئۇنىڭ تۆھپە كۆرسىتىپلا «كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— مۇبادا ليۇ بېي تېخى ئۆلمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم يۈەن شاۋدىن پاناھلىق ئىزدەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا مۇشۇنداق پەيتتە گۇەن يۇ يۈەن شاۋنىڭ سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە يۈەن شاۋمۇ جەزمەن ليۇ بېينى ئۆلتۈرمەي قالمايدۇ، ليۇ بېي ئۆلسە گۇەن يۇ كىمنىمۇ ئىزدەر؟ — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ گۇەن يۇنى جەڭگە ھەمدەم بولۇشقا چىللىدى.

گۇەن يۇ بىر قىلىچ ئۇرۇپلا يەن لياڭنى ئات ئۈستىدىن دومىلاتتى، يەنە يۈەن شاۋنىڭ باش سەركەردىسى ۋېن چۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ، ساۋ ساۋنىڭ مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

يۈەن شاۋ گۇەن يۇنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى سانغۇنىنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ ليۇ بېينى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ليۇ بېي ئۇنىڭغا ساۋ ساۋنىڭ «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش» ھىيلىسىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكىنى ئەسكەرتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈەن شاۋنىڭ كاللىسى سەگەكلەشتى. ليۇ بېي دەرھال بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ يېقىن ئادىمى ئارقىلىق گۇەن يۇغا ئەۋەتىپ بەردى.

گۇەن يۇ ليۇ بېينىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساۋ ساۋ سوۋغا قىلغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئالماي، خەنشۇ بېگى تامغىسىنى سارايغا ئېسىپ قويۇپ، بىر پارچە خەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئىككى يەڭگىسىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

# گۇەن يۈنىڭ بەش قورۇلدىن ئۆتۈپ ئالتە سانغۇننى ئۆلتۈرگەنلىكى

گۇەن يۈ ئىككى يەڭگىسىنى ئېلىپ دوڭلىڭ قورۇلىغا كەلگەندە قورۇلنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سەركەردە كوڭ شيۇ «باش ۋەزىر ساۋ ساۋنىڭ رۇخسەتنامىسى بولمىسا بولمايدۇ» دەپ ئۇنى ئۆتكىلى قويمىدى. گۇەن يۈ قايتا ـ قايتا يالۋۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆتكىلى قويمىدى. گۇەن يۈ سەپەرنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، كوڭ شيۇنى ئۆلتۈرۈپ بىرىنچى قورۇلدىن ئۆتتى.


گۇەن يۈ لوياڭغا يېتىپ كەلگەندە لوياڭنىڭ ۋالىيسى خەن فۇمۇ ئۇنى ئۆتكىلى قويماي، قول ئاستىدىكى مىڭ تەننى ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ئۈچ مەرتەم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا گۇەن يۈ مىڭ تەننى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. خەن فۇ كامانىنى ئېلىپ بىر پاي ئوق ئېتىۋىدى، ئوق گۇەن يۈنىڭ سول مۈرىسىگە تەگدى. گۇەن يۈ ئوقنى چىشلەپ سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ خەن فۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، ئاندىن بىر پارچە لاتىنى كېسىپ يارىسىنى تاڭغاندىن كېيىن ئىككى يەڭگىسىنى ئېلىپ كېچىلەپ سىشۈي قورۇلىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سىشۈي قورۇلىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە بيەن شى جېنگو ئىبادەتخانىسىغا پىستىرما قويۇپ، جاللاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئىبادەتخانىدىكى بىر راھىب پىستىرما بارلىقىنى گۇەن يۈگە ئېيتىپ قويدى، گۇەن يۈ بيەن شىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئىككى يەڭگىسىنى ئېلىپ شىڭياڭ ئايمىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شىڭياڭ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى ۋاڭ جى خەن فۇ بىلەن قۇدا ئىدى. ئۇ گۇەن يۇنى ئۆلتۈرۈپ خەن فۇنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولدى. ۋاڭ جىنىڭ قول ئاستىدىكى خۇ بەن دېگەن كىشى گۇەن يۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە قايىل بولغاچقا، ئۇنى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشكە ئۈندىمەكچى بولۇپ ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋاتقاندا گۇەن يۇ ئۇنى چېپىپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى.

گۇەن يۇ داۋاملىق مېڭىپ خۇاڭخې دەرياسى كېچىكىگە يېتىپ كەلدى. كېچىكنى ساقلاۋاتقان سەركەردە چىن چى شيا خۇدۇننىڭ سەركەردىسى ئىدى. گۇەن يۇ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. خۇاڭخې دەرياسى كېچىكىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكىسى يۈەن شاۋنىڭ زېمىنى ئىدى. گۇەن يۇ بەش قورۇلدىن ئۆتكۈچە كوڭ شيۇ، مېڭ تەن، خەن فۇ، بيەن شى، ۋاڭ جى، چىن چى قاتارلىق ئالتە سەركەردىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئۇ يۈەن شاۋنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلگەندە سۇن چيەن ئالدىغا چىقىپ لىيۇ بېينىڭ رۇنەنگە كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. گۇەن يۇ سۇن چيەن بىللە ئىككى يەڭگىسىنى قوغداپ رۇنەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

كۇتۇلمىگەندە ئۇلارنى شيا خۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ كەلدى، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بىر - بىرىنى قىرىشىۋاتقاندا بىر ئەلچى ئاتلىق ھالدا ئۆتكۈزۈۋېتىش رۇخسەتنامىسىنى ئېلىپ كەلدى. شيا خۇدۇن رۇخسەتنامىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا بولدى قىلماي، «ۋەزىر ئەزەم گۇەن يۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇغان گەپ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جاڭ لياۋ يېتىپ كېلىپ ۋەزىر ئەزەم گۇەن يۇنىڭ قورۇلدىن ئۆتكۈچە سەركەردىلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ





يەنىلا ئۇنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتتى.

گۇەن يۇ كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان جۇ ساڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ جۇ ساڭدىن جاڭ فېينىڭ گۇچېڭنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى، ئەمما جاڭ فېي ئۇنى «ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئاللىقاچان ساۋ ساۋغا ئەل بولۇپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، گەپ ـ سۆز قىلمايلا قىلىچىنى ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، گۇەن يۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئىلاجسىز قالغاچقا، ئىككى يەڭگىسى ئىشنىڭ جەريانىنى بىر قۇر بايان ئەيلىگەن بولسىمۇ، ئەمما جاڭ فېي يەنىلا ئىشەنمىدى.

دەل شۇ چاغدا ساۋ ساۋنىڭ سانغۇنى سەي ياڭ نەۋرىسى چىن چىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇچۇن يېتىپ كەلدى. گۇەن يۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بىلدۈردى. جاڭ فېي ئاخىرى ئۇنىڭغا ئىشەندى ھەمدە ئۇچرىشىشنى قۇتلۇقلاش زىياپىتى بەردى.

ئەتىسى گۇەن يۇ بىلەن سۇن چيەن جاڭ فېينى ئىككى يەڭگىسى بىلەن گۇچېڭنى قوغداشقا قالدۇرۇپ قويۇپ جىجۇغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار جىجۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ لىيۇ بېينىڭ يۈەن شاۋنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىنى بىلدى. يۈەن شاۋنىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن گۇەن يۇ لىيۇ بېينىڭ قېشىغا سۇن چيەننى ئەۋەتتى. لىيۇ بېي يۈەن شاۋنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپ گۇەن يۇ بىلەن ئۇچراشتى.

لىيۇ بېي يۈەن شاۋنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ گۇەن يۇ قاتارلىقلار بىلەن ئۇدۇل گۇچېڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ۋونيۇ تېغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا جاۋ جاۋيۈن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جاۋ يۈن ئۇنىڭ ئىسمى، زى لوڭ لەقىمى ئىدى. ئۇ:

— گوڭ سۈنزەن جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەلدە سەرگەردان بولۇپ باش تىققۇدەك ماكان تاپالمىدىم، بۈگۈن تەقدىر - ئىرادە بولسا كېرەك، خان تاغىسى بولغان ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم! — دېدى لىيۇ بېيغا. ئۇ شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ لىيۇ بېي، گۇەن يۇلەر بىلەن بىرلىكتە گۇچېڭغا باردى.

ۋۇجۇن ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى شۇ گوڭ ساۋ ساۋغا سۇن سېنى ئۆلتۈرۈشكە تەدبىر كۆرسەتكىنى ئۈچۈن سۇن سې غەزەپلىنىپ شۇ گوڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يالاقچىلىرى شۇ گوڭنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇن سېنى زەھەرلىك يا ئوقى بىلەن يارىلاندۇردى.



بىر كۈنى، سۇن سې يۈەن شاۋنىڭ ئەلچىسى چېن جېننى زىياپەت

بېرىپ كۆتۈۋېلىۋاتقاندا بىرەيلەن ئۇنىڭغا جياڭدوڭلۇق يۈ جى ئىسىملىك بىر ئەۋلىيا راھىب راۋاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سانغۇن ۋە سەركەردىلەرنىڭ ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن راۋاقتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. سۇن سې قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئاۋام - پۇقرانى قايمۇقتۇرۇپ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا دەخلى قىلغان ئۇ ئالۋاستى دەرۋىشنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دېدى قاتتىق غەزەپلىنىپ. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ئاچچىقلانغانلىقى ئۈچۈن كېسىلى ئېغىرلاپ، يا ئوقىغا سۈركەلگەن زەھەر كۈچىنى كۆرسىتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئوغلى سۇن چۈەن ۋارىسلىق قىلدى. جۇ يۈ سۇن چۈەنگە ھەربىي ئىستراتېگىيەگە ماھىر، تەدبىرلىك كىشى لۇ سۇنى مۇشاۋىرلىققا تەۋسىيە قىلدى. لۇ سۇ جۇگې جىننى تەۋسىيە قىلدى، جاڭ خوڭ گۇ يوڭنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ نائىبلىق قىلىشى نەتىجىسىدە جياڭدوڭ كۈنسېرى روناق تاپتى. ساۋ ساۋ سۇن چۈەننىڭ تەسىر كۈچىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ يېنىغا تارتماقچى بولدى.

ساۋ ساۋ سۇن چۈەننى يېنىغا تارتىش ئۈچۈن ئۇنى سانغۇنلۇققا، قوشۇمچە كۈيجى ئايمىقىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. يۈەن شاۋ بولسا ساۋ ساۋنىڭ يەنە سۇن چۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەرھال 70 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ساۋ ساۋغا جازا يۈرۈشى قىلدى.



www.uyghurkitap.com

# ساۋ ساۋنىڭ گۇەندۇ جېڭىدە يۈەن شاۋنى مەغلۇپ قىلغانلىقى

ساۋ ساۋ لەشكىرى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىقى كەمچىل بولغاچقا، تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز غەلىبە قازانماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما يۈەن شاۋ بۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ، پىستىرما قۇرۇپ، ئوقياچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تاكى گۇەندۇغىچە چېكىنىپ باردى ھەمدە ئۇرۇشقا چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى.

مۇشاۋىر شۈيۇ يۈەن شاۋغا بىر تارام قوشۇننى شۈدۈغا ئەۋەتىپ، ئالدى ـ كەينىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش خۇسۇسىدا تەكلىپ بېرىۋىدى، يۈەن شاۋ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرمىدى ھەمدە ئۇنى «ساۋ ساۋنىڭ قەدىناس دوستى، ساۋ ساۋ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولمىسۇن يەنە» دەپ گۇمانلىنىپ قاتتىق تىللىدى.

شۈيۇ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، شۇ كۈنىلا كېچىلەپ قېچىپ ساۋ ساۋنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋ تېخى ئۇخلىمىغان بولۇپ، ئۇ شۈيۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەتتا ئايىغىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي دەرھال ئالدىغا چىقىپ تىزلىنىپ تەزىم قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن يۈەن شاۋنى قانداق قىلغاندا مەغلۇپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى خۇسۇسىدا مەسلىھەت سورىدى.

— يۈەن شاۋنىڭ ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەكلىرىنىڭ ھەممىسى ۋۇچاۋدا، ئۇنى چۇن يۇچيوڭ دېگەن كىشى باقىدۇ، بۇ ئادەم شارابقا ئامراق، مۇداپىئەسى بوش. ئادەم ئەۋەتسەك، ئۇلار يۈەن شاۋنىڭ ئاشلىقىنى قوغداشقا ئەۋەتكەن لەشكەرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ

ئامبارغا ئوت قويۇۋەتسە يۈەن شاۋنىڭ قوشۇنلىرى ئۈچ كۈنگە قالمايلا جەڭ قىلماي تۇرۇپ تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى شۇ يۇ.

ساۋ ساۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېچىدە ۋۇچاۋغا ھۇجۇم قىلىپ يۈەن شاۋنىڭ ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يەنە غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، يۈەن شاۋنىڭ زور كىشىلىك قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى يۈەن شاۋنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى رەتلەۋاتقاندا بىر باغلام خەت - چەك تېپىۋالدى، ئۇنىڭ ھەممىسى شۇدۇ ۋە ھەربىي قوشۇندىكى كىشىلەرنىڭ يۈەن شاۋغا ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ يازغان مەلۇماتلىرى ئىدى. مۇشاۋىرلار بىردەك: «بۇ مەلۇماتلارنى يوللاپ بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك» دېگەن بولسىمۇ، بىراق ساۋ ساۋ خەت - چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

يۈەن شاۋ جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن جىجۇغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يۈەن تەن چىڭجۇدىن بەش تۈمەن لەشكەر، ئىككىنچى ئوغلى يۈەن شى يوجۇدىن ئالتە تۈمەن لەشكەر، نەۋرىسى گاۋ گەن بىڭجۇدىن بەش تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ جەڭدە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن جىجۇغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋ يەنە ساۋ ساۋغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى.

ساۋ ساۋ جەڭدە «تەرەپ - تەرەپكە پىستىرما قويۇش»، «ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش» تاكتىكىسىنى ئىشلەتتى، پىستىرما قوشۇن ئون تارامغا بۆلۈنۈپ يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنى ئالداپ دەريا بويىغا باشلاپ كەلدى. يۈەن شاۋ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى ۋە يەنە قاتمۇقات پىستىرمىغا دۇچ كەلدى.

ليۇ بېي شۇدۇنىڭ بوش قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇلار راۋشەن تېغىغا يېتىپ كەلگەندە ئاستانىگە قايتقان ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇ چاغدا قوشۇنلىرى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولغاچقا، ساۋ ساۋ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى قايتا جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالغاچقا، ليۇ بېي نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. بىرەيلەن ئۇشتۇمتۇت ھەربىي تەمىنات ئاشلىقىنى ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ بۇلاپ قاچقانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە رۇنەننىمۇ ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي كېچىلەپ قوشۇن چېكىندۇردى، ئۇلار چېكىنىش سەپىرىدە يەنە ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ، ليۇ بياۋنىڭ قېشىغا بېرىپ پاناھلىق تىلىدى. ليۇ بياۋ ليۇ بېينى قىزغىن كۈتىۋالدى. ساۋ ساۋ ليۇ بېينىڭ ليۇ بياۋدىن پاناھلىق تىلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ جىڭجۇ ئايمىقىغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. چېك يۇ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن يۈەن شاۋنى يوقىتىپ، ئاندىن جىڭشياڭغا ھۇجۇم قىلىش خۇسۇسىدا تەكلىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى يىلى باھاردا ساۋ ساۋ يۈەن شاۋغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن يەنە زور قوشۇننى باشلاپ گۈەندۇغا ئاتلاندى. يۈەن شاۋ بۇ چاغدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يۈەن شاڭ جەڭگە چىقىۋىدى، جاڭ لياۋ ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ جىجۇغا چېكىندۇردى.

يۈەن شاۋ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەچكە، كونا كېسىلى قوزغىلىپ قان سەپرا بولۇپ ئۆلدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۈچىنچى ئوغلى يۈەن شاڭنى ۋارىسلىققا تەيىنلەپ ۋەسىيەت قالدۇردى.

مۇشاۋىر گو جيا ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— يۈەن شاۋ ئۆزىنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلىنى ۋارىس قىلماي، كىچىك ئوغلىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلىدى، ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىگە قايىل ئەمەس، ئۇلار چوقۇم بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشىدۇ. شۇڭا، بىز بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرسەككىمۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئەسلىدىكى پىلاننى ئۆزگەرتىپ، ليۇ بياۋغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى.

دەرۋەقە، يۈەن تەن بىلەن يۈەن شاڭلار جىجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئۆزئارا جەڭ قىلىشتى، يۈەن تەن جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ پىڭيۈەنگە قېچىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يۈەن شاڭمۇ ساۋ ساۋ بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ جوڭشەنگە قېچىپ كەتتى.

مۇشاۋىر شۇ يۇ ساۋ ساۋغا شەھەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىش خۇسۇسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋنىڭ قوشۇنلىرى ئۆستەڭ قېزىپ، دەريا سۈيىنى باشلاپ كېلىپ شەھەرنى سۇغا باستۇرۇۋەتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۆستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكىمۇ تۈگىگەچكە، يۈەن قوشۇنلىرى قەپەسكە چۈشكەن قۇشقا ئوخشاپ قالدى.

شېن پى نەيزە بىلەن يۈەن شاڭنىڭ كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ شەھەردىكىلەرنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلدى. شېن پېي بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال سەكسەن نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى سېپىل سىرتىغا تاشلىۋەتتى. شېن پى ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئاھۇ نادامەتلەر چەكتى.

شېن پېينىڭ جىيەنى شېن روڭ شېن پى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ئۇ دوستىنىڭ ئائىلىسىدىكى نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە قاتتىق نارازى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com



شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقىنى ئېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جىجۇ شەھىرى ساۋ ساۋنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

يۈەن تەن لەشكەر تارتىپ يۈەن شاڭنى مەغلۇپ قىلىپ، جىجۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ساۋ ساۋ قاتتىق غەزەپلىنىپ جازا يۈرۈشى قىلدى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي يۈەن تەننى ئۆلتۈردى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى كېيىن يەنە بەيلاڭ تېغىدا يۈەن شى، يۈەن شاڭنى مەغلۇپ قىلدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى قالدۇق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ لياۋدوڭغا قېچىپ كەتتى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يىجۇغا قايتتى. ئەينى چاغدا مۇشاۋىر گو جيا ئاللىقاچان ئۆلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ساۋ ساۋغا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، قوشۇننى مىدىرلاتماسلىق خۇسۇسىدا نەسىھەت قىلىپ بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغانىدى. دەرۋەقە، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن لياۋدوڭنىڭ ۋالىيسى گوڭ سۈنكاڭ يۈەن فامىلىلىك ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئەتىۋارلىق سەركەردىلىرىنى ساۋ ساۋغا ھەدىيە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ساۋ ساۋ بۇ چاغدا شىمالنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن بولدى.

# خان تاغىسى لیۇ بېيىنىڭ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇپ دانىشمەنلەرنى بايقىغانلىقى

لیۇ بېي پاناھلىق تىلىگەندىن كېيىن لیۇ بياۋ ئۇنى ئۆزى بىلەن ئۇرۇقداش دەپ بىلىپ، ئىنزچىل تۇردە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. بىر كۇنى ئىككىسى شاراب ئىچىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىرەيلەن كىرىپ جاڭ ۋۇ، چېن سۇنلەرنىڭ جياڭشيادا ئىسيان كۆتۇرگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. لیۇ بېي لیۇ بياۋنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جاڭ ۋۇ، چېن سۇنلەرگە جازا يۇرۇشى قىلىش ئۇچۇن جياڭشياغا قاراپ ئاتلاندى ھەمدە بىر جەڭ بىلەنلا ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۇرۇپ جياڭشيانى تىنچىتتى. جاۋ يۇن جاڭ ۋۇنىڭ دۇلدۇلىنى بۇلاپ ئەكىلىپ لیۇ بېيغا سوۋغا قىلدى. لیۇ بېي دۇلدۇلنى لیۇ بياۋغا ئۆتۇنۇۋەتتى.

— بۇ ئاتنىڭ كۆزى ئاستىدا ياش ئوقۇرى، پېشانىسىدە قاشقىسى بولغاچقا، «قاشقىلىق ئات» دېيىلىدۇ، بۇ ئات مىنگەن ئىگىسىگە زىيان كەلتۇرىدۇ، — دېدى لیۇ بياۋنىڭ سەركەردىسى كۇەي لياڭ. شۇنىڭ بىلەن لیۇ بياۋ دۇلدۇلنى لیۇ بېيغا قايتۇرۇپ بەردى، لیۇ بېي ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما پىسەنت قىلماي مىنىۋەردى.



لیۇ بياۋ خوتۇنى سەي شىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ لیۇ بېيدىن گۇمانلىنىپ قالدى ھەمدە ئۇنى شىنىيەدە تۇرۇشقا ئەۋەتىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

ليۇ بېي شىنيېگە كەلگەندىن كېيىن پايدىلىق ئىشلارنى يولغا قويۇپ، زىيانلىق ئىشلارنى يوقىتىپ، سىياسەتنى يېڭىلىغاچقا ئاۋام - پۇقرا ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىغان بولدى.

جيەنئەننىڭ 12 - يىلى باھاردا گەن خېنىم ليۇ شەننى تەۋەللۇت قىلدى، ئۇلار بالىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى ئادۇ دەپ قويدى.

ليۇ بياۋ ليۇ بېينى جىڭجۇغا باش قوشۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىككىسى بىر يېرىم سائەتتەك مەي ئىچىشكەندىن كېيىن ليۇ بياۋ ئۇشتۇمتۇت ياش تۆكتى. ليۇ بېي ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن يىغلىغانلىقىنى سورىۋىدى، ليۇ بياۋ:



— چوڭ ئوغلۇم ليۇ چى ئالدىنقى خوتۇنۇم چېن شىدىن بولغان بالا، پەزىلىتى ياخشى، ئەمما بەك قورقۇنچاق. كەنجى ئوغلۇم ليۇ زوڭ بەك ئەقىللىق بالا بولدى، ئۇنى ئورنۇمغا ۋارىس قىلىپ تىكلەي دېسەم قانۇن - قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن، چوڭىنى ۋارىس قىلاي دېسەم مۇھىم ھوقۇق سەي جەمەتىنىڭ ئىلكىدە، كېيىن ئىچكى توقۇنۇش كېلىپچىقىشىدىن قورقىمەن. شۇڭا، كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

— چوڭىنى قالدۇرۇپ كىچىكىنى ۋەلىئەھد قىلىش ئەزەلدىن تارتىپ قالايمىقانچىلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن، ئەگەر سەي جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھوقۇقى بەك زورىيىپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاشتۇرساق بولىدىغۇ، — دېدى ليۇ بېي. سەي خېنىم ئۇلارنىڭ پارىڭىنى پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ قالغاچقا، ليۇ بېيغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى.

سەي خېنىم بىلەن ئىنىسى سەي ماۋ ليۇ بېينى ئۆتەڭدە ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلىدى. ليۇ بېي شۇ كۈنى كەچتە شام يورۇقىدا كىتاب كۆرۈۋاتقاندا جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ مىرزىسى يى جى كېلىپ، سەي جەمەتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى قونالغۇدا ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ بېي كېچىلەپ شىنيېگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ليۇ بېينى شياڭياڭغا زىياپەتكە چىللاپ جىڭجۇدىن ئەلچى كەلدى ھەمدە جاۋ يۈنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىشىنى ئېيتتى. جاۋ يۈن زىياپەت جەريانىدا ليۇ بېينىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغاچقا، سەي ماۋ ليۇ بېيغا قول سالالمىدى. شاراب ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ليۇ بېي ھاجەتكە چىقىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئارقا ھويلىغا چىقتى.

— سانغۇن ئالىيلىرى، سەي ماۋ سىلىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى، شەھەرنى شەرق، جەنۇب، شىمالدا لەشكەرلەر قوغداۋاتىدۇ، دەرھال غەربىي قوۋۇقتىن قېچىپ كەتسىلە! — دېدى يى جى ئۇنىڭغا. ليۇ بېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ دەرھال ئاق قاشقىلىق

ئاتنى مىنىپ غەربىي شىمال تامان قاچتى، قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر ئۇنى توسۇپ قالالمىغاچقا، دەرھال سەي ماۋغا مەلۇم قىلدى. سەي ماۋ شۇ ھامان 500 لەشكەرنى ئېلىپ ليۇ بېينى ئارقىسىدىن قوغلىدى. ليۇ بېي قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ قالدى، بۇ تەنشى دەرياسى بولۇپ، كەڭلىكى توققۇز غۇلاچ، سۈيى ناھايىتى شىددەتلىك ئىدى. ليۇ بېي كەينىگە ئۆرۈلۈپ قوغلىغۇچى لەشكەرلەرنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا:

— بۇ قېتىم تۈگەشتىم، — دەپ خورسىندى ۋە ئاتقا كەينى - كەينىدىن قامچا سىلىپ، — ئاق قاشقا ئېتىم، ئاق قاشقا، بۈگۈن ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولدۇڭ - دە، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا ئات سۇدىن ئىرغىپ چىقىپ بىراقلا ئۈچ غۇلاچ ئارىلىقتا سەكرەپ قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ كەتتى.

گەرچە ليۇ بېي خەتەردىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قورقۇنچى تېخى بېسىلمىغانىدى. ئۇ ئاتنى قامچىلاپ ئاستا كېتىۋاتقاندا ئۇد چېلىۋاتقان شوي جىڭ ئىسىملىك بىر ھەزرەتكە ئۇچراپ قالدى. ليۇ بېي ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقى خۇسۇسىدا مەسلىھەت سورىدى.

— ئەتراپىڭىزغا دانىشمەنلەرنى كۆپلەپ يىغىڭ، ۋو لوڭ (ياتقان ئەجدىھا)، فېڭ چۇ (چۈجە سۇمۇرغ) ئىسىملىك ئىككى كىشى بار، شۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىنى قولغا كەلتۈرەلىسىڭىز جاھاننى تىنچىتالايسىز، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا.

بىر كۈنى ليۇ بېي كوچىدا كېتىۋېتىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئېيتقان ناخشىسىدا ليۇ بېينىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلار بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ نام - ئەملىنى سورىۋىدى، ھېلىقى كىشى ئىسىم - فامىلىسىنىڭ شەن فۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئاق قاشقىنى ئىملاپ تۇرۇپ:

— بۇ ئاتتىن بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي دېسىڭىز،

ئۇنى دۈشمەنلىرىڭىزگە سوۋغا قىلىۋېتىڭ، دۈشمىنىڭىز ئۇنى مىنىپ زەخمەتكە ئۇچراپ بولغاندىن كېيىن مىنىسىڭىز سىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى. ليۇ بېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. شەن فۇ ليۇ بېينى رەھىمدىل ئادەم ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالماقچى بولدى. ليۇ بېيمۇ ئۇنى «ناھايىتى ئىستېداتلىق ئادەمكەن» دەپ قاراپ، مۇشاۋىرلىققا تەيىنلىدى.

ساۋ ساۋ ئۇزۇن ئۆتمەي فەنچېڭنى قوغداشقا ساۋ رېننى ئەۋەتىپ جىڭجۇغا تەھدىت سالدى. ساۋ رېن ليۇ بېينىڭ قوشۇن توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تۆھپە كۆرسىتىش ئىستىكى غالىب كېلىپ شىنيېگە ھۇجۇم قوزغىدى. شەن فۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنى تارمار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن فەنچېڭنى تارتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ساۋ رېن مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەتسە فەنچېڭ دىيارى تەبىئىيلا گۇەن يۈنىڭ ئىلكىگە ئۆتەتتى. قوشۇنلىرى جەڭدە مەغلۇپ بولغاچقا، ساۋ رېن ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ليۇ بېينىڭ جۇگې لياڭنى ئۈچ مەرتەم تەكلىپ قىلغانلىقى

ليۇ بېي جەڭدە زور نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن ساۋ ساۋ رېندىن ليۇ بېيغا كىمنىڭ مۇشاۋىرلىق قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ساۋ رېن شەن فۇ دېگەن كىشىنىڭ تەدبىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى شۈ شۇ، تەخەللۇسى يۈەنجى،



ئانىسىغا تولىمۇ ۋاپادار ئادەم، ئۇنىڭ ئانىسىنى يېنىمىزغا ئەكىلىۋالساقلا غەم قىلمىساقمۇ قېشىمىزغا كەپ يوق ئۆزى كېلىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋنىڭ مۇشاۋىرى چېڭ يۇ. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ ئادەم ئەۋەتىپ شۇ شۇنىڭ ئانىسىنى ئەكەلدى ۋە مومايغا بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ ئوغلىنى چاقىرتىپ كەلمەكچى بولدى. موماي ليۇ بېيىنىڭ رەھىمدىل، ساۋ ساۋنىڭ مۇتتەھەملىكىنى بۇرۇندىن تارتىپلا بىلىدىغان بولغاچقا، ئوغلىغا خەت يازغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. چېڭ يۇ مومايىنىڭ پوچېركىسىنى دوراپ، ئۇنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت يېزىپ، شۇ شۇنى يېنىغا كېلىشكە دەۋەت قىلدى.

شۇ شۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ليۇ بېي بىلەن خوشلىشىپ كەتمەكچى بولدى. گەرچە ليۇ بېي ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي تۇرسىمۇ، ئەمما ئانا ـ بالىنى ئايرىۋەتكۇسى كەلمەي، شىپاڭغا ئۇزىتىش زىياپىتى راسلاپ، زىياپەتتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

شۇ شۇ ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز يەنە قايتىپ كېلىپ، ليۇ بېيغا جوگې لياڭنى تەۋسىيە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ۋو لوڭ (ياتقان ئەجدىھا) دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى، فېڭ چۇ (چۈجە سۇمۇرغ) دېگىنى پاڭ توڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بولۇپ يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. موماي ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئوغلىغا بېسىم ئىشلەتمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئوغلىنى مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قازناقتا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. شۇ شۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى قايغۇردى ۋە كېيىن ساۋ ساۋغا ھېچقانداق تەدبىر كۆرسىتىپ بەرمىدى.

ليۇ بېي سوۋغات تەييارلاپ، گۇەن يۇ، جاڭ فېيلارنى ئېلىپ جوگې لياڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋولوڭگاڭغا كەلدى ۋە جوگې لياڭنىڭ كەپىسىنى تاپتى. كەپىدىن بىر كىچىك بالا چىقىپ:

— ھەزرىتىم ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنىدى، — دېدى.

ليۇ بېي بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋو لوڭ ھەزرەتنىڭ كەپىگە

قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، گۇەن يۈ، جاڭ فېيلار بىلەن بىرلىكتە كەپىگە كېلىشۈپتۇ، جۇگې لياڭ يەنە يوق بولۇپ چىقتى. ئىنىسى جۇگې جۈن ئۇنىڭ دوستى بىلەن سەيلىگە چىققانلىقىنى ئېيتتى. ليۇ بېي ئىلاجىسىز بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. ليۇ بېي قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ يەنە جۇگې لياڭنى ئىزدەپ جوڭلوڭغا بارماقچى بولۇۋېدى، گۇەن يۈ ئۇنى بارماسلىققا ئۈندىدى. جاڭ فېي:

— جۇگې لياڭنى باغلاپ ئەكەلگىنىمىز تۈزۈكمىكىن، — دېدى. ليۇ بېي ئىككىسىنى «ئەدەپسىز» دەپ ئەيىبلىدى. ئىككىسى ئاغىسىنىڭ بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى.



ئۇلار جوڭلوڭغا يېتىپ كەلگەندە ھېلىقى كىچىك بالا ھەزرىتىمنىڭ بارلىقىنى، لېكىن چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانمىغانلىقىنى ئېيتتى. لىۇ بېي گۇەن يۈ بىلەن جاڭ فېيغا سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى جۇگې لياڭنىڭ ئويغىنىشىنى جىمجىت كۈتۈپ تۇردى.

جۇگې لياڭ ئويغانغاندىن كېيىن لىۇ بېينى كەيپسىگە چىللىدى، ئىككىسى بىرلىكتە جاھاندىكى چوڭ ئىشلار توغرىسىدا مۇڭداشتى. جۇگې لياڭ يەنە لىۇ بېيغا شىچۈەن تەۋەسىدىكى 54 ئايماقنىڭ خەرىتىسىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن جىڭجۇنى ئېلىپ شۇ يەرگە جايلىشىشنى، ئاندىن شىچۈەندە تەخت قۇرۇپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىشنى ئېيتتى. لىۇ بېي ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ تەزىم بىلەن تەشەككۈر ئېيتتى. گەرچە جۇگې لياڭ كەپىدىن چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ بولغانىدى.

لىۇ بېي جۇگې لياڭنى كەپىدىن چىقىپ ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، جۇگې لياڭ:

— يېقىر تىرىقچىلىققا مەلىكە بولۇپ قالغان ئادەممەن، مەنسەپ تۇتۇشنى، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى خالاپ كەتمەيمەن، تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلالماسمەنمىكىن، — دېدى.

— خەلپىتىم، تەكلىپىمنى قوبۇل كۆرمىسىلە پۇقرالىرىم قانداقمۇ قىلار؟ — دېدى لىۇ بېي. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى يەكتىكىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. جۇگې لياڭ ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن زارلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. لىۇ بېي ئەتىسى جۇگې لياڭنى ئېلىپ شىنيېگە قايتىپ كەلدى. ئۇ جۇگې لياڭنى ئۇستاز تۇتتى ھەمدە ئۇنى مۇشاۋىرلىققا تەكلىپ قىلدى.

جياڭدوڭدىكى سۇن چۈەننىڭ ئىشلىرى كۈنسايىن روناق تاپتى. ئۇلارنىڭ يەتتە مىڭدىن كۆپرەك جەڭ كېمىسى بار ئىدى،

سۇن چۈەن جۇ يۇگە باش تۇتۇق بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىپ، قۇرۇقلۇق ۋە سۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى قىلدى.

جيەنئەننىڭ 7 ـ يىلى ساۋ ساۋ يۈەن شاۋنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، سۇن چۈەننىڭ بىر ئوغلىنى ئوردىغا بارىمتاي(تۇتقۇن) لىققا ئەكىلىۋالماقچى بولۇۋىدى، سۇن چۈەن ئوغلىنى ئەۋەتىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ جەنۇبقا يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

جيەنئەننىڭ 13 ـ يىلى باھاردا خۇاڭ زۇنىڭ سەركەردىسى گەن نىڭ پاناھلىق تىلەپ سۇن چۈەننىڭ يېنىغا كەلدى. سۇن چۈەن سۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ خۇاڭ زۇغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. گەن نىڭ بىر پاي يا ئوقى ئېتىپلا خۇاڭ زۇنىڭ جېنىنى ئالدى، سۇن چۈەن قىرغاققا چىقىپ جياڭشانى ئىگىلىدى.

ساۋ ساۋ بولغۇسى غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالاس بولۇش ئۈچۈن شيا خۇدۇننى شىنيېگە جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتتى. شيا خۇدۇن:

ــ ليۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭنى تىرىك قولغا چۈشۈرىمەن، ــ دەپ جار سالدى، شۇن يۇ ئۇنىڭغا ياۋنى سەل چاغلىماسلىق خۇسۇسىدا نەسىھەت قىلدى. ليۇ بېي ھەممىلا ئىشتا جۇگې لياڭنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، گۇەن يۇ بىلەن جاڭ فېي بۇنىڭدىن سەل ـ پەل نارازى ئىدى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى شىنيېگە ھۇجۇم قىلغاندا ليۇ بېي جۇگې لياڭنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرىنى ئىشقا سالدى.

شيا خۇدۇن ياۋنى سەل چاغلاپ قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلىدى، ئۇ بوۋاڭپو جىلغىسىغا ئالداپ ئەكىلەنگەندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت تۆت ئەتراپىنى پىستىرمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان لەشكەرلەر قورشىۋالدى، ئوت يالقۇنى پەلەككە يەتتى. بۇ جەڭدە ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ، جەسەتلەر ساينىڭ تېشىدەك ھەممىلا يەرنى قاپلىدى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. شيا خۇدۇن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي چىغىر يولچە قېچىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى ۋە قالدۇق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئاستانە شۇچاڭغا قايتىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

# جاڭ فېيىنىڭ چاڭبەن كۆۋرۈكىدە غوۋغا كۆتۈرگەنلىكى

ساۋ ساۋنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ليۇ بىياۋ جىڭجۇدا بىتاپ بولۇپ سەكراتتا چۈشۈپ قالدى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا پەرزەنتلىرىنى ليۇ بېيىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇردى، ليۇ بېي پەقەت ۋەلىئەھدىگە نائىبلىق قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، جىڭجۇنى قولىغا ئېلىشقا ئۇنىمىدى. ليۇ بىياۋ ئۆلگەندىن كېيىن سەي خانىم ۋە ئىنىسى سەي ماۋ، جاڭ يۈن قاتارلىقلار يالغان ۋەسىيەتنامە پۈتۈپ چىقىپ، كەنجى ئوغۇل ليۇ زوڭنى خان قىلىپ تىكلىدى ھەمدە ليۇ بېي، چوڭ ئوغۇل ليۇ چىلاردىن بۇ ئىشنى يوشۇردى، ئاندىن شياڭياڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى شياڭياڭغا يېتىپ كەلدى، ئەسلىدە ليۇ بىياۋنىڭ



سەركەردىلىرىدىن فۇ شۈن، كۈەي يۆ، ۋاڭ سەن قاتارلىقلار ئۈنىڭغا ئەل بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. لىيۇ زوڭ نائىلاج تەسلىمنامىنى ئاپىرىپ بېرىشكە سوڭ جوڭنى تەكلىپ قىلدى. سوڭ جوڭنى قايتىش سەپىرىدە گۈەن يۈ تۇتۇۋالدى، لىيۇ بېي شۇندىلا لىيۇ بياۋنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، لىيۇ زوڭنىڭ ئەل بولماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدى. لىيۇ چى يى جىدىن شىنيېي ئايمىقىغا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى، ئۇ مەكتۇپىدا لىيۇ بېينى تەزىيە بىلدۈرۈشنى باھانە قىلىپ شياڭياڭغا بېرىپ لىيۇ زوڭنى تۇتۇپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. لىيۇ بېي لىيۇ بياۋنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويۇشنى خالىمىغاچقا، شىنيېدىن ۋاز كېچىپ فەنچېڭغا بېرىپ ساۋ ساۋدىن پاناھلانماقچى بولدى.

لىيۇ بېي، جۇگې لياڭ قاتارلىقلار كېڭەش قىلىۋاتقاندا تۇشتۇمتۇت ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى خۇسۇسىدا خەۋەر كەلدى. جۇگې لياڭ ئادەم چاقىرىپ، شۇ چۈنى چۈۋېيپوغا ئالداپ ئەكىرىشكە بۇيرۇدى. شۇ چۇ تاغ ئۈستىدە داقا ـ دۇمباق چېلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ لىيۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭنىڭ تاغ ئۈستىدە شاراب ئىچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ـ دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا ياماشتى. ئۇ ئەمدىلا تاغنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەندە ئۈستىدىن ياغاچ، تاشلار دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ چۇ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

جۇگې لياڭ فەنچېڭنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، لىيۇ بېينى شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىدى.

لىيۇ بېي شياڭياڭغا يېتىپ كەلدى، ۋېي يەن شەھەر قوۋۇقىنى ئۇلۇغ ئېچىپ ئۇنى كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما لىيۇ بېينى توسۇغىلى كەلگەن ۋېن پىڭ قىرغىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. لىيۇ بېي ئاۋام ـ پۇقرانىڭ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىغاچقا، جۇگې لياڭ نائىلاج ئۇنىڭغا يەنە ئالدى بىلەن جىڭجۇدىكى مۇھىم جاي جياڭلىڭنى ئېلىش تەدبىرىنى كۆرسەتتى.

لىيۇ بېي جۇگې لياڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇن تۇ-



www.uyghurkitap.com



مەندىن كۆپرەك لەشكەرنى
باشلاپ ئاستا ـ ئاستا
جياڭلىڭغا قاراپ ئىلگىرى ـ
لىدى.

بۇ چاغدا ساۋ ساۋ فەن ـ
چېڭغا كېلىپ بولغانىدى،
ئۇ ليۇ زوڭنى قوبۇلغا چا ـ
قىرتقۇزدى، ليۇ زوڭ بې ـ
رىشقا پېتىنالماي سەر ـ
كەردىسى سەي ماۋ بىلەن
جاڭ يۈننى ئەۋەتتى. ساۋ
ساۋ ئىككى سەركەردىنىڭ
بىرىگە جىنىنەن بېگىلىك مەرتىۋىسى، يەنە بىرىگە سۇ قوشۇنىنىڭ
باش تۇتۇقلۇق مەرتىۋىسى بەردى ھەمدە ليۇ زوڭغا ئۇنى جىڭجۇنىڭ
ئەبەدىيلىك غوجىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇش ـ
نى تاپىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ليۇ زوڭ مۆھۈر، قوماندانلىق تايىقىنى ئېلىپ
دەريادىن ئۆتۈپ ساۋ ساۋنىڭ قوبۇلىغا باردى. ساۋ ساۋ دېگەن
گېپىدە تۇرماي، ئۇنى چىڭجۇنىڭ ئايماقبېگىلىكىگە تەيىنلىدى.
ليۇ زوڭ نائىلاج ئانىسى بىلەن بىللە چىڭجۇغا بېرىشقا مەجبۇر
بولدى، ئۇلار يول ئۈستىدە ساۋ ساۋ ئەۋەتكەن كىشىلەر تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى.

ليۇ بېي ئاۋام ـ پۇقرانى باشلاپ كۈنىگە ئاران ئون
چاقىرىمدىن يول باستى. ساۋ ساۋ ئەۋەتكەن 5000 ئاتلىق لەشكەر
ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا يېتىشىۋالدى.

ليۇ بېي جۇگې لياڭنى جىڭجۇغا بېرىپ ليۇ چىنى ياردەمگە
چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ داڭياڭ
ناھىيەسىنىڭ سىرتىدىكى جىڭشەن تېغىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.
يېرىم كېچىدە ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كەلدى، تەلىيىگە
يارىشا جاڭ فېي كېلىپ قالدى، ئۇ ليۇ بېينى چاڭبەنپوغا
قاچۇرۇۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

جاۋ يۈن ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە جەڭ قىلدى، ئۇ لىيۇ بېيىنى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۈستىگە يەنە ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىنى يوقىتىپ قويىدى. ئۇ: «تۆرەم ھەزرەتلىرى ئىككى ئاغىچام بىلەن كىچىك تۆرەم ئادۇ بېگىمنى ماڭا تاپشۇرغانىدى، ئاساسىي قوشۇن تارقىلىپ تۈگىدى، ئاغىچىلار بىلەن كىچىك تۆرەم يوقاپ كەتتى، ئەمدى تۆرەمنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە يەنە بىر مەرتەم جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئاغىچىلىرىم بىلەن كىچىك تۆرەمنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ باقمايمەنمۇ؟» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە تەرەپ ـ تەرەپنى ئىزدەپ كۆردى. ئۇ بىر پۇچۇق تامنىڭ يېنىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق تۈۋىدىن ئادۇ بېگىمنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان مىي ئاغىچىنى تاپتى، مىي ئاغىچا ئېغىر يارىلانغاچقا، بالىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزلەپ، «جاۋ يۈنگە ئېغىرىمنى سالماي» دەپ ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

جاۋ يۈن ئادۇنى يۇدۇپ ياۋنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاران تەستە چاڭبەن كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلدى ۋە كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرغان جاڭ فېينى كۆرۈپ:

ــ يى دې، مېنى قۇتقۇزۇۋال!ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ زى لوڭ، تېز قاچ، قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەرگە مەن تاقابىل تۇراي!ــ دەپ ۋارقىرىدى جاڭ فېي جاۋابەن.

جاۋ يۈن لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئادۇنى قوش قوللاپ سۇندى. لىيۇ بېي بالىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ:

ــ سەن قوزامنى دەپ بىر ئامراق سەركەردەمدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم،ــ دېدى. جاۋ يۈن بالىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە تىزلىنىپ يىغلىغىنىچە:

ــ كەمىنىلىرى يېتەرلىك پىداكارلىق كۆرسىتەلمىدىم، شەپقەتلىرىگە تۈشلۇق جاۋاب قايتۇرالمىدىم،ــ دېدى.

ساۋ ساۋ جاڭ فېينىڭ چاڭبەن كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئۆزى يالغۇز تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانلىقتا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پىستىرما بولۇپ قېلىشىدىن

قورقۇپ، ئىلگىرىلەشكە پېتىنالمىدى. ئەسلىدە جاك فېي قول ئاستىدىكىلەرگە دەرەخنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ ئورمانلىقنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقىشقا بۇيرۇغان ئىدى، بۇ شۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق پىستىرما قوشۇن يوق ئىدى. جاك فېي:

— قېنى، قايسىڭ مەن بىلەن ئېلىشىسەن؟ — دەپ نەرە تارتتى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ دەرھال چېكىندى.

جاك فېي ئادەملىرىنى كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىشكە بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى.

— جاك ئىنىم، باتۇرلۇقىڭىزغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن، بىراق كالىلىقىڭىزنى ئوبدان ئىشلەتمەپسىز، كۆۋرۈكنى بۇزمىغان بولسىڭىز ياۋ قوشۇنلىرى پىستىرما بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىلگىرىلىيەلمەيتتى. ئەمدى كۆۋرۈكنى بۇزۇپ بوپسىز، ئۇلار بۇنىڭدىن پىستىرما يوقلۇقىنى بىلىپ بىزنى چوقۇم قوغلاپ كەلمەي قالمايدۇ، — دېدى - دە، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ خەنجىن، مىيەنياڭ تەرەپكە قاراپ بەدەر قاچتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ خەنجىنگە كەلگەندە ئالدى تەرەپتە دەريا بارلىقىنى، ليۇ بېينىڭ ئەمدى چېكىنىش يولى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال لەشكەرلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى. ئۇشتۇمتۇت تۆپىلىكنىڭ كەينىدىن جاك فېي ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى. ساۋ ساۋ بۇنى كۆرۈپ:

— ھەي، يەنە جۇگې لياڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇق - دە! — دېگىنىچە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئوپۇل - توپۇل چېكىندى.

ساۋ ساۋ شياكيانڭ، جىڭجۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ليۇ بېينىڭ جياڭشياغا قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر تەرەپتىن ليۇ بېينى بىللە قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي ۋۇ بەگلىكىدىكى سۈن چۈەن بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇقلۇق ۋە سۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ تەك ئىلگىرىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇگې لياڭنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ، ئوت - چۆپ بېسىلغان كېمىدە يەم بىلەن يا ئوقى يىغقانلىقى

جۇ يۈ ئۈچ دەريا ئېغىزىدا جۇگې لياڭنى گۇەن يۈ، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بىلەن بىرلىكتە جۇتيې تېغىغا بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئاشلىق توشۇش يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە دەۋەت قىلدى. جۇگې لياڭ ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما رەت قىلالماي نائىلاج ماقۇل بولدى.

لۇ سۇ جۇگې لياڭدىن جۇ يۈنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدى.



— مەن تۈرلۈك جەڭ تاكتىكىلىرىغا پىششىق، سىلەرگە ئوخشاش بىرلا ساھەدە جەڭ قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايمەن، جۇ يۈ سۇ جېڭىگە ماھىر، بىراق قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى بىلمەيدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

لۇ سۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جۇ يۈگە يەتكۈزۈۋىدى، جۇ يۈ دەرغەزەپ بولۇپ:

— نېمىشقا مېنى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلالمايدۇ، دەپ
كەمسىتىدىكەن ؟ ئۇ بارمىسۇن، بۇ ئىشقا ئۆزۈم بارىمەن، — دېدى.
— جۇگې لياڭ يەنە «ساۋ ساۋنى جەڭگە ماھىر، جۇ يۇ بارسا
چوقۇم ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھازىر ئالدى بىلەن سۇ
جېڭى قىلىپ، ساۋ ساۋنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇشىمىز لازىم»
دەيدۇ، — دېدى لۇ سۇ. جۇ يۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— بۇ ئادەمنىڭ بىلىمى مەندىن ئون ھەسسە ئۈستۈنكەن، —
دەپ ئۇھسىندى.
ساۋ ساۋ ئەلچىدىن جۇ يۇگە مەكتۇپ ئەۋەتتى. لېپاپقا «تۇتۇق
بېگىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئېچىشىغا رۇخسەت يوق، خەن خانىدانلى-
قىنىڭ باش ۋەزىرى ئەۋەتتى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. جۇ يۇ
مەكتۇپنى ئېچىپمۇ قويماستىن يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىپ
تاشلىۋەتتى ۋە مەكتۇپ ئەكەلگەن ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئالدى.
ساۋ ساۋ جۇ يۇنىڭ مەكتۇپنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەلچىنى
ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۈچ دەريا ئېغىزىغا لەشكەر تارتىپ
ماڭدى. ئۇلار سۇ جېڭىگە چولتا بولغاچقا، زور مەغلۇبىيەتكە
ئۇچراپ قايتىپ كەلدى. ساۋ ساۋ ئەل بولغان سەركەردە سەي ماۋ،
جاڭ يۈنلەرگە كېچە - كۈندۈز سۇ قوشۇنلىرىنى مەشىق
قىلدۇرۇشنى بۇيرۇدى.
جۇ يۇ راۋاقلىق چوڭ كېمىدە تۇرۇپ ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا
نەزەر تاشلاپ، قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قوشۇنلار بارگاھىنىڭ
كۆز يەتكۈسىز ئىكەنلىكىنى، سۇ قوشۇنلىرى بارگاھىدا چىراغ ۋە
ئوت يالقۇنىنىڭ يېلىنجاپ كەتكەنلىكىنى، قوشۇنلارنىڭ
ئۈستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ سەل - پەل
چۆچۈپ قالدى. ئۇ سۇ قوشۇنلىرىنىڭ مەشقاۋۇلى سەي ماۋ بىلەن
جاڭ يۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن شۇ
ئىككىسىنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى.
ساۋ ساۋنىڭ قول ئاستىدىكى مىرزا جياڭ گەن ئۆزىنىڭ جۇ
يۇ بىلەن يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئەل بولۇشقا

www.uyghurkitap.com

كۆندۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ ئۇنى جۇ يۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

جۇ يۇ جياڭ گەننى قىزغىن قارشى ئالدى. جياڭ گەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلىشىپ مۇڭداشقىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. جۇ يۇ كاتتا زىياپەت تەييارلاپ، جياڭدوڭدىكى ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ جياڭ گەن بىلەن كۆرۈشتۈردى، جۇ يۇ زىياپەت ئارىلىقىدا:

— بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ياخشى دوستۇم، جياڭبېيدىن كەلدى، ئەمما ئۇ ساۋ ساۋنىڭ ۋەزچىسى ئەمەس. بۈگۈن پەقەت دوستانە پاراڭلارنى قىلىشقا رۇخسەت، كىمىكى جەڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچىدىكەن، كاللىسى ئېلىنىدۇ! — دېدى.

ئۇلار چالا كەيپ بولۇشقاندا جۇ يۇ جياڭ گەننى چېدىر سىرتىغا ئاچىقىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ تۈن نىسپى بولغاندىلا ئاندىن جياڭ گەننى چېدىرغا قايتۇرۇپ كىردى.

جۇ يۇ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە جياڭ گەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ شىرە ئۈستىدىكى خەت - چەكلەرنى ئوغرىلىقچە ئوقۇشقا باشلىدى، ئويلىمىغان يەردىن خەت - چەكلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچىسى سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈننىڭ جۇ يۇگە يوللىغان يوشۇرۇن مەكتۇپى بولۇپ چىقتى. جياڭ گەن: «ئەسلىدە سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈن شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋاپتىكەن - دە!» دەپ ئويلاپ، مەكتۇپنى يېڭىگە تىقىۋالغاندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا بىرەيلەن چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ «تۇتۇق بېگى!» دەپ چاقىردى. جۇ يۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ، كەلگەن كىشى بىلەن پىچىرلاشتى، جياڭ گەن دەرھال ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىشىغا قۇلاق سالدى. ھېلىقى ئادەم «جياڭبېيدىن ئادەم كەلدى» دېدى، جۇ يۇ ئۇنى پەسرەك ئاۋازدا گەپ قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

جياڭ گەن تالڭ ئاتقاندا جۇ يۇ بىلەن خوشلىشىپ جياڭبېيگە قايتىپ كەلدى ۋە ھېلىقى يېڭىگە يوشۇرۇۋالغان مەكتۇپنى ساۋ ساۋغا تاپشۇرۇپ بەردى. ساۋ ساۋ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈننىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ بولۇپلا ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلدى ھەمدە يۇ جىن بىلەن ماۋ جيېنى سۇ قوشۇنىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۆلگەن ئىككىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇلارغا تاپشۇردى. لۇ سۇ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشتى. كىم بىلسۇن، جۇگې لياڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا:

— جاڭ يۈن بىلەن سەي ماۋ ئۆلسىلا جياڭدوڭ تۈگىشىدۇ، — دېدى. جۇ يۇ جۇگې لياڭنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە ئۆزىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، «بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم كەلگۈسىدە شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يوشۇرۇن خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. شۇڭا، ئۇ ئەتىسى جۇگې لياڭنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— پات ئارىدا ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقىمەن، سۇ جېڭىدە كارغا كېلىدىغان ئەڭ ياخشى قورال قايسى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە ئوقيا - دە، — دېدى جۇگې لياڭ.

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، بىراق نۆۋەتتە قوشۇنىمىزدا ئوق كەمچىل بولۇۋاتىدۇ، كەمىنىلىرى ئۆزلىرىگە يۈز مىڭ تال ئوق ياساتقۇزماقچىمەن، بۇ ئىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرمىغايلا، — دېدى جۇ يۇ. جۇگې لياڭ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. جۇ يۇ ئۇنىڭغا ئون كۈنلۈك مۆھلەت بەردى.

— ئون كۈن ۋاقىت بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، بۇنىڭدا چوڭ ئىشلارغا دەخلى يېتىپ قالىدۇ، ماڭا پەقەت ئۈچ كۈن ۋاقىت بولسىلا كۇپايە، — دېدى جۇگې لياڭ، ئاندىن ھەربىي بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈش ۋەدىنامىسى ئىمزالىدى.

جۇگې لياڭ لۇ سۇدىن 20 كېمە، 600 لەشكەر سورىدى، يەنە

ئۇنىڭغا ئازراق كۆك لاتا بىلەن قارانچۇق تەييارلاپ قويۇشنى ئېيتتى.

بىرىنچى كۈنى بىلەن ئىككىنچى كۈنى ھېچقانداق شەپە بولمىدى، ئۈچىنچى كۈنى تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا جاھاننى تۇمان قاپلاپ كەتتى. بۇ چاغدا جۇگې لياڭ لۇ سۇنى بىللە بېرىپ يا ئوقىنى ئېلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئارغامچا بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلغان 20 كېمە ناھايىتى تېزلا ساۋ ساۋنىڭ سۇ قوشۇنلىرى بارگاھىغا يېقىنلاشتى، لەشكەرلەر داقا ـ دۇمباق چېلىشىپ نەرە تارتتى. جۇگې لياڭ لۇ سۇنى كېمىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەي ئىچىشتى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ۋە نەرە ساداسىنى ئاڭلاپ ئالاقزەدە بولۇپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلىشتى.

ــ ھاۋا شۇنداق تۇمانلىق تۇرسىمۇ ياۋ ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ،



بۇنىڭغا قارىغاندا چوقۇم پىستىرما بار. شۇڭا ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، ئوقياچىلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى چېكىندۇرۇڭلار، — دېدى ساۋ ساۋ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ بىر تۈمەن ئوقياچى لەشكىرى قىرغاققا كېلىپ، دەرياغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. تۇمان تارقىلىپ قايتىدىغان چاغدا ئون تۈمەن داندىن ئارتۇق يا ئوقى يىغىلىپ بولغانىدى. جۇگې لياڭ لەشكەرلەرگە: «ۋەزىر ئەزەمنىڭ بەرگەن ئوقىغا ھەشقاللا!» دەپ تەڭلا تۇۋلاشنى بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ شۇنىڭدىلا ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارنى قوغلاشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ چاغدا جۇگې لياڭنىڭ كېمىسى ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى.

جۇ يۇ جۇگې لياڭغا چەكسىز قايىل بولۇپ، ئۇنى چېدىرغا كىرىپ شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن ساۋ ساۋنى تارمار قىلغىلى بولىدىغان بىرەر تەدبىر كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. جۇگې لياڭ:

— ھەر ئىككىمىز بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمىزنى ئالقىنىمىزغا يېزىپ ئۆزئارا كۆرسىتىشەيلى، — دېدى. ئۇلار يېزىپ بولۇپ ئالقىنىنى ئېچىۋىدى، ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدىكىسى «ئوت» دېگەن خەت بولۇپ چىقتى.

ساۋ ساۋ قىلتاققا چۈشۈپ يا ئوقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن زەردىگۈش بولۇپ يەنە بىر مەھەل جياڭدوڭغا ھۇجۇم قوزغىيالمىدى. مۇشاۋىرى شۈن يۇ ئۇنىڭغا يالغاندىن ئەل بولۇش تەدبىرىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەي ماۋنىڭ ئىنىسى سەي جوڭ، سەي خېلارنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يالغاندىن ئەل بولۇپ، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. جۇ يۇ ئىككىسىنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئالماي كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، «يالغاندىن ئەل بولغان» دەپ ھۆكۈم قىلدى ھەمدە ھىيلىگە نەيرەڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، يالغاندىن قاتتىق ئىشەنگەندەك قىياپەتتە ئىككىسىنى ئېلىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

# جوگې لياڭنىڭ چىبىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى

جۇ يۇ كەچتە چېدىردا تۇرسا، خۇاڭ گەي ئاستا كىرىپ يالغان ئەل بولۇش تەدبىرىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا بارغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى جۇ يۇ چېدىردا كېڭەش ئۆتكۈزگەندە خۇاڭ گەي ئەل بولۇش توغرىسىدا سۆز قىلىۋىدى، جۇ يۇ ئۇنى 100 كالتەك ئۇرۇشقا بۇيرۇپ، بەدىنىنىڭ ساق يېرىنى قويماي ئۆلەرجان قىلىپ قويدى.

كەن زې خۇاڭ گەي بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىدى. ئۇ كېچىسى خۇاڭ گەينى يوقلاپ باردى. خۇاڭ گەي ئۇنىڭغا بۇنىڭ جاراھەت ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا يالغاندىن ئەل بولۇش تەسلىمنامىسىنى ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، كەن زې ماقۇل بولدى.



كەن زې ساۋ ساۋنىڭ بېيئەندىكى بارگاھىغا كېلىپ تەسلىمنامىنى تاپشۇردى، ساۋ ساۋ ئىشەنمەي ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا بىرەيلەن سەي جوڭ، سەي خېلارنىڭ مەخپىي مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدى، ساۋ ساۋ مەكتۇپنى كۆرۈپ، كەن زېنىڭ راست ئەل بولغانلىقىغا ئىشەندى. كەن زې جياڭدۇڭغا قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن يەنە ساۋ ساۋغا مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ، ۋاقتى كەلگەندە خۇاڭ گەيىنىڭ كۆك چىشلىق تۇغ ئېسىلغان كېمە بىلەن ئەل بولغىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ساۋ ساۋ خۇاڭ گەيىنىڭ ساختىپەزلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، جياڭ گەننى دەريادىن ئۆتۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

جۇ يۇ جياڭ گەننىڭ كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، شۇ ھامان لۇ سۇنى پاڭ تۇڭدىن تەدبىر سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جياڭ گەن يېتىپ كېلىشىگە جۇ يۇ ئۇنى شىشەندىكى ئەنجۇڭ دېگەن جايغا ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

جياڭ گەن سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بىرەيلەننىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرىنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ دەل پاڭ تۇڭ دېگەن كىشى ئىدى.

— جۇ يۇ ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدۇ، ئادەم سىغدۇرمايدۇ، — دېدى پاڭ تۇڭ. جياڭ گەن ئۇنى ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئۈندىدى، پاڭ تۇڭ ماقۇل بولدى.

پاڭ تۇڭ ساۋ ساۋغا كېمىلەرنى بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان چېتىش تەدبىرىنى كۆرسەتتى، ساۋ ساۋ دەرھال ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.



پاڭ تۇڭ ساۋ ساۋ بىلەن خوشلاشتى، ئۇ مېڭىش ئالدىدا قايتىپ بالىچاقىلىرىنى ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى ھەمدە سەركەردىلەرنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ سۇ قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

www.uyghurkitap.com

— گەرچە كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە چاتسا تۇراقلاشقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئالىمادىس ئوت كېتىپ قالسا، ئاجرىتىش تەسكە توختايدۇ، — دېدى چېڭ يۇ تەكلىپ بېرىپ.

— ئوت ھۇجۇمى قوزغاش ئۈچۈن شامال بولۇشى كېرەك، ھازىر زىمىستان قىش ۋاقتى، پەقەت غەربىي شىمال شامىلىلا بار، ئۇلار ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلسا، ئۆزىنى ئۆزى كۆيدۈرگەن بولمامدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

ئەلقىسسە، جۇ يۇ سەركەردىلىرىنى ئېلىپ تاغ ئۈستىگە چىقتى، ئۇشتۇمتۇت قاتتىق شامال چىقىپ تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىشكە باشلىدى، لەپىلدىگەن تۇغلارنىڭ بۇرجىكى ئۇنىڭ يۈزىنى توختىماي سىيپىماقتا ئىدى. جۇ يۇ ئۇشتۇمتۇت بىرلا ۋارقىراپ، قان سەپرا بولۇپ يەرگە يىقىلدى.

جۇگې لياڭ جۇ يۈنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

— بەخت - قازا ھەرقاچان ئىنسان بىلەن بىللە يۈرىدىكەن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن، — دېدى جۇ يۇ.

— تەڭرى شامال، بۇلۇت ئاتا قىلمىسا، ئىنسان ئۇنىڭغا قانداقمۇ چارە قىلالىسۇن؟ — دېدى جۇگې لياڭ كۈلۈپ. ئۇ ئۆزىدە جۇ يۈنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالايدىغان رېتسېپىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى ۋە خىزمەتكارلارنى چىقارغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن:

يوقىتىشنى ئىستىسەڭ ساۋ ساۋنى گەر،
شۇڭا زادى ئوت بىلەن تەگكەن تۇزۇك.
تەخمۇتەخ پۈتتى جەمئىي ئىشلار شۇ دەم،
كۈنچىقىش بورىنىنى كۈتكەن تۇزۇك.

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ جۇ يۇغا بەردى.

— تەقسىر، كېسىلىمنىڭ مەنبەسىنىمۇ تېپىۋالدىلا، ئەمدى ئۇنى قانداق دورا بىلەن ساقايتماق كېرەك؟ ئەھۋال جىددىي، مەسلىھەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى جۇ يۇ.

— تاغنىڭ ئۈستىگە يەتتە يۇلتۇز سۈپىسىدىن بىرنى ياساتسىلا، مەن سۈپىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىرىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن جۇ يۈنىڭ كېسىلى شىپا تېپىپ قالدى.

جۇ يۈ سەركەردىلىرىنى يىغىپ شەرقىي جەنۇب شامىلىنى كۈتۈشنى، شامال چىققان ھامان ساۋ ساۋغا ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارنى ھەرقاچان پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتىغىچە كۈتۈۋىدى، تۇغلار غەربىي شىمال يۆنىلىشتە لەپىلدەشكە باشلىدى، بۇ شەرقىي جەنۇب شامىلىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

جۇ يۈ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ: «جۇگې لياڭ ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق ئىكەن، ئۇنى يېنىمدا ئېلىپ قالسام بولمايدىكەن» دەپ ئويلاپ دىڭ فېڭنى يەتتە يۇلتۇز سۈپىسىغا بېرىپ جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەمما، دىڭ فېڭ يەتتە يۇلتۇز سۈپىسىغا يېتىپ كەلگەندە جۇگې لياڭ ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى.

جۇگې لياڭ شياكۇغا قايتىپ كېلىپ قوشۇنلىرىنى دەرھال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. ئۇ گۇەن يۈنى خۇاروڭ يولىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ساۋ ساۋنى ئوت ۋە ئىس - تۈتەك بىلەن قايمۇقتۇرۇشنى بۇيرۇدى.

بۇ چاغدا خۇاڭ گەي ئەل بولۇش نامى بىلەن لىققىدە پوروخ ۋە قومۇش قاچىلانغان كېمىنى ھەيدەپ، تۇغلىرىنى لەپىلدىتىپ چىبىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋنىڭ كېمىلىرىدە ئوت كۆيۈۋاتقانىدى، ئوت شامالدا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ساۋ ساۋنىڭ سۇ قوشۇنلىرى بارگاھى بىرمەھەل ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى.

گەن نىڭ جۇ يۈنىڭ ھەربىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەل بولغان سەركەردە سەي جوڭنى يول باشلاتقۇزۇپ ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىدىكى ئاشلىق ساقلايدىغان جايغا كەلدى ۋە سەي

جوڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئاشلىقلارغا ئوت قويۇۋەتتى. سۇ ۋە دەريا قىرغىقىنى بىر مەھەل كۆچلۈك ئوت يالقۇنى قاپلىدى. ساۋ ساۋ مىڭبىر مۇشەققەتتە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ بەدەر تىكىۋەتتى.

ساۋ ساۋ قېچىپ ۋۇلىنغا يېتىپ كەلدى، ئۇ بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، تاغلارنىڭ قويۇق ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇشتۇمتۇت:

— جۇ يۇ، جۇگې لياڭلار تەدبىر بىلمەيدۇ - دە، مۇبادا ئۇلار بۇ يەرگە بىر پىستىرما قۇرغان بولسا - ھە...— دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ كۈلكىسى تېخى ئۈچمەستىنلا جاۋ يۈن:

— پېقىر پەرمانغا بىنائەن بۇ يەردە سېنى كۈتۈپ تۇرغىلى نەچاغ!— دەپ نەرە تارتىپ كەلدى. ساۋ ساۋ سەركەردىلىرى جاۋ يۈن بىلەن تىركىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قاپاق ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھېرىپ - ئېچىرقىغان، ئاتلىرى ماجالسىدىن كەتكەنىدى. ساۋ ساۋ ئادەملىرىنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇپ، بىر توپ قېرى دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە: «مۇبادا مۇشۇ يەرگە بىر



پىستىرما قورغان بولسا ـ ھە!» دەپ كۆككە قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈنى تېخى ئۆچمەستىنلا جاڭ فېي باستۇرۇپ كەلدى. ساۋ ساۋ جەڭ مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئاتقا مىنىپ يەنە قاچتى، ئۇلار بىر يول ئېغىزىغا كەلگەندە ياساۋۇلى چوڭ يولنىڭ تۈز، ئەمما يىراق ئىكەنلىكىنى، چىغىر يولنىڭ خۇاروڭ يولىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى، بىراق مېڭىش قىيىن، يەنە كېلىپ پىستىرما بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ چىغىر يولنى تاللىدى. بۇ يول ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى، ساۋ ساۋ بىرنەچچە چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇلار مۇبادا بۇ يەرگە بىر پىستىرما قورغان بولسا كەمىنە قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالغان بولار ئىدىم،— دەپ كۈلدى. ئۇ ئەمدىلا شۇ گەپنى دەپ بولۇپ تۇرۇشىغا بىر تال توپ ئوقى كېلىپ پارتلاپ، ئارقىدىنلا گۇەن يۈ كېلىپ ئالدىنى توستى.

ساۋ ساۋ مۇشاۋىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا ۋەرمەكچى بولدى. گۇەن يۈ ساۋ ساۋنىڭ ئىلگىرى ئۆزىگە قىلغان شاپائىتىنى ئويلاپ، يەنە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، ئادەملىرىنى يول بوشىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ سانغۇنلىرىنى باشلاپ ھالى خاراب ئۇپۇل ـ توپۇل ماڭغىلى تەمشەلدى.

گۇەن يۈ بىردىنلا لەشكىرىي پەرماننى ئېسىگە ئېلىپ:

— سەنلەر نەگە قاچماقچى؟— دەپ ۋارقىرىدى. ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى يەرگە يۈكۈنۈپ، يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. گۇەن يۈ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ چاغدا جاڭ لياۋنىڭ ئات چاپتۇرغىنىچە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە كۆڭلى يۇمشاپ ئۇھسىندى ـ دە، ساۋ ساۋنى قويۇۋەتتى.

گۇەن يۈ ساۋ ساۋنى قويۇۋەتكەچكە جۇگې لياڭ جاللاتلارنى ئۇ-نىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. ليۇ بېي يېلىنىپ تۇرۇۋالغاچ-قا، جۇگې لياڭ نائىلاج ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتى.

# جوگې لياڭنىڭ جو يۈنى ئۈچ قېتىم تېرىكتۈرگەنلىكى

جو يۈ بىرقانچە كۈندىلا يىلىڭنى ئېلىپ، ئارقىدىنلا نەنجۈنگە قاراپ ئاتلاندى. ساۋ رېن ساۋ ئاستانە شۈچاڭغا قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى قالدۇرۇپ كەتكەن دانا تەدبىرنى ئىشقا سالدى.

ئەتىسى شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. جو يۈ قوۋۇقنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەر ئىچىگە كىردى. كۈتۈلمىگەندە مەرگەنلەر ئوقيادىن تەڭلا ئوق ياغدۇرۇۋىدى، جو يۈگە ئوق تېگىپ يارىلاندى. ساۋ رېن غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەرگەچكە، ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

جو يۈ زەھەرلىك يا ئوقى تېگىپ يارىلانغاچقا، بەھۇزۇر ئارام ئېلىپ داۋالانمىسا بولمايتتى. ئەمما، ساۋ رېن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادەم باشلاپ كېلىپ بارگاھ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنى ۋارقىراپ تىللىدى. جو يۈ ئۇنىڭ تىللاشلىرىغا چىداپ تۇرالماي غەزەپلىنىپ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭگە چىققان بولسىمۇ، ئەمما تېخى ئېلىشماي تۇرۇپلا قان قۇسۇپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، سەركەردىلىرى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى «جو يۈنى ئۆلدى» دەپ يالغاندىن ماتەم بىلدۈردى. شۇ كۈنى كېچىسى ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بۆلەك ـ تالاك قىلماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ بارگاھىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما پىستىرمىغا ئۇچرىدى.


جو يۈ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ

نەنجۇننى ئېلىشقا ئاتلاندى. بىراق، ئۇ نەنجۇنگە كېلىپ سىپىل ئۈستىدە تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

ــ تۇتۇق بېگى، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، جاۋ زىلوڭ لەشكىرىي پەرمانغا بىنائەن شەھەرنى ئېلىپ بولدى،ــ دەپ ۋارقىرىدى بىر سەركەردە.

جۇ يۈ قاتتىق غەزەپلىنىپ شۇئان گەن نىڭ بىلەن لىڭ تۇڭنى لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ جىڭجۇ، شياڭياڭنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇشتۇمتۇت بىر سەركەردە كېلىپ:

ــ جۇگې لياڭ نەنجۇننى ئىشغال قىلىپ بوپتۇ، كېچىلەپ جىڭجۇ، شياڭياڭ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇنلىرىنى تولۇقلاپ، گۇەن يۈ بىلەن جاڭ فېيغا شەھەرنى تارتىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ،ــ دەپ مەلۇم قىلدى. جۇ يۈ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ بىرلا ۋارقىرىۋىدى، تۇتۇپ بولغان تىغ يارىسى ئېچىلىپ كەتتى.



بۇ جوگې لياڭنىڭ ئۇنى بىرىنچى قېتىملىق تېرىكتۇرۇش ھېيلىسى ئىدى.

جۇ يۇ لىيۇ بېيغا ھۇجۇم قىلماقچى، جوگې لياڭ بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقماقچى بولۇۋىدى، لۇ سۇ ئۇنى دەرھال توسۇپ قالدى. لۇ سۇ جىڭجۇغا بېرىپ لىيۇ بېي، جوگې لياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ساۋ ساۋنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكى مەغلۇپ قىلدى، شۇڭا جىڭجۇ بىلەن شياڭياڭ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، — دېدى.

— ئۇ ئىككى جاي ئەسلىي لىيۇ بياۋنىڭ ئوغلى لىيۇ چىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، سىلى بۇ ئىشنى دەرھال بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتسىلا توغرا بولىدۇ، — دېدى جوگې لياڭ. لۇ سۇ نائىلاج قالدى، ئۇلار لىيۇ چى ئۆلگەندىن كېيىن جىڭجۇ بىلەن شياڭياڭنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كېلىشتى. لۇ سۇ بارگاھقا قايتىپ بۇ ئىشنى جۇ يۇگە ئېيتتى، بۇ چاغدا سۇن چۈەن خېفېيغا ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈپ ئەلچى



ئەۋەتكەنىدى، جۇ يۇ چەيساڭغا قايتىپ داۋالاندى، ئۇ چېك پۇنى سۇن چۈەننىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىشىگە بويسۇنۇشقا ئەمىر قىلدى. ليۇ بېي جەنۇبتىكى تۆت ئايماقتا يۇرۇش قىلىپ ئالدى بىلەن لىڭلىڭنى ئالدى، جاۋ يۈن 3000 لەشكەرنى باشلاپ بېرىپ گۈيياڭغا ھۇجۇم قىلدى، گۈيياڭنىڭ ۋالىيسى جاۋ فەن شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ ئەل بولدى.

جاۋ فەننىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن چېن يىڭ بىلەن باۋ لۇڭ يالغاندىن ئەل بولۇش ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكچى بولۇۋىدى، جاۋ يۈن سېزىپ قېلىپ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يەنە ئەل بولغان لەشكەرلەرنىڭ دىققىتىنى شەھەر قوۋۇقىغا بۇرىۋېتىپ، جاۋ فەننى تىرىك قولغا چۈشۈردى.

جاڭ فېي ۋۇلىڭغا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇ يەرنى كۆچىمەيلا ئالدى. گۇەن يۈ چاڭشانى ئىشغال قىلدى.

ليۇ بېي قوشۇنلىرىنى ئېلىپ جىڭجۇغا قايتىپ كېلىپ جەڭگە چىققان سەركەردە ۋە لەشكەرلەرگە زىياپەت بەردى، ئاندىن بۇيۇك ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كۆپلەپ پۇل، ئاشلىق توپلىدى.

ليۇ چى ۋاپات بولغاندىن كېيىن لۇ سۇ ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش نامى بىلەن كېلىپ جىڭجۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. جۇگې لياڭ ليۇ بېيغا شىچۇننى ئالغاندىن كېيىن جىڭجۇنى قايتۇرۇپ بېرىش خۇسۇسىدا تىلخەت بېرىشنى ئېيتتى. ليۇ بېي شۇنداق قىلدى.

لۇ سۇ تىلخەتنى كۆتۈرۈپ بارغاندىن كېيىن جۇ يۇ ئۇنى قاتتىق تىللىدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىرەيلەن كېلىپ ليۇ بېينىڭ رەپىقىسى گەن خانىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

جۇ يۇ سۇن چۈەنگە ليۇ بېينىڭ رەپىقىسى ۋاپات بولغاچقا يەنە ئۆيلەنمەي قالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭغا سىڭلىسىنى يالغاندىن ياتلىق قىلغان بولۇپ، ليۇ بېي نەنشۈگە قىزنى يۆتكىگىلى بارغاندا قاماپ قويۇپ، ئۇنىڭغا جىڭجۇنى تېگىشىش خۇسۇسىدا تەكلىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

سۇن چۇەن لۇ فەننى جىڭجۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. لۇ فەن لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى. جۇگې لىياڭ چىمىلداقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدى.

لۇ فەن كەتكەندىن كېيىن جۇگې لىياڭ لىيۇ بېينى سۇن چۇەننىڭ سىڭلىسىنى ئەمرىگە ئېلىشقا ماقۇل بولۇشقا ئۈندىدى ھەمدە:

— مەندە ھەم سۇن چۇەننىڭ سىڭلىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان، ھەم جىڭجۇنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان بىر چارە بار، — دېدى.

لىيۇ بېي ئۆزۈن ئۆتمەي سۇن چيەن، جاۋ يۈننى ئېلىپ، ئون دانە تېز يۈرەر كېمىگە چۈشۈپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا جۇگې لىياڭ جاۋ يۈنگە ئۈچ دانە تەدبىر كۆرسىتىپ، شۇ بويىچە سەپەر قىلىشنى تاپىلىدى. ئۇلار شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن جۇگې لىياڭنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە ئالدى بىلەن چوڭ چياۋ خېنىم بىلەن ئىككىنچى چياۋ خېنىمنىڭ ئاتىسى چياۋ گولاۋنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا سۇن چۇەننىڭ لىيۇ بېينى كۈيئوغۇل بولۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. چياۋ گولاۋ لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، كىلىپ بەگ ئانىسىنى قۇتلىدى. بەگ ئانىسى بۇ ئىشتىن ئەسلا بىخەۋەر بولغاچقا، ھەيران - ھەس بولدى ۋە سۇن چۇەنگە:

— مۇبادا لىيۇ بېي دىتىمغا يېقىپ قالسا قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىمەن، ياقماي قالسا ئۇنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلارسىلەر، — دېدى.

ئەتىسى لىيۇ بېي جاۋ يۈننى ئېلىپ گەنلۇ ئىبادەتخانىسىغا بەگ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى باردى، بەگ ئانىسى لىيۇ بېينى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭغا بەردى. لىيۇ بېي جىڭجۇغا قايتىش سەپىرىدە جۇگې لىياڭنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە يۈرۈپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا قايتىپ كەلدى. جۇ يۈ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەچكە يارىسى يەنە قوزغىلىپ كەتتى. بۇ جۇگې

لىياڭنىڭ ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تېرىكتۇرۇشى ئىدى.

مىس قۇشقاچ سۇپىسى پۇتكەندىن كېيىن ساۋ ساۋ ئەلەمدار - قەلەمدارلارغا كاتتا زىياپەت بەردى.

بىرەيلەن تۇيۇقسىز شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى خۇا شىننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ ئەلچى ئەكەلگەن مەلۇماتنى كۆرگەندىن كېيىن:

— لىيۇ بېي بىر ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ، ئۇ جىڭجۇنى قولىغا ئالسا باغلاقتىن بوشىنىپ دېڭىزغا قايتقان ئەجدىھانىڭ ئۆزى بولىدۇ! — دەپ خورسىندى. مۇشاۋىرلىرى ئۇنىڭغا لىيۇ بېي بىلەن سۇن چۈەننى تالاشقا سېلىش ھىيلىسىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ جۇ يۈنى نەنجۈننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش پەرمانىنى ئالدى.

جۇ يۈ نەنجۈننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قىساس ئېلىش ئىستىكى تېخىمۇ يېلىنجاپ، سۇن چۈەنگە ئىلتىماس يېزىپ لۇ سۇنىڭ جىڭجۇنى قايتۇرۇۋېلىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىنى سورىدى.

لۇ سۇ بۇيرۇققا بىنائەن لىيۇ بېينىڭ قېشىغا كەلدى. لىيۇ بېي جۇگې لىياڭنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— لۇ سۇ، پاسىبانىمنىڭ يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمدىلا؟ ئۇ جىڭجۇنى قايتۇرۇپ بەرسە نەگىمۇ بېرىپ تۇرار ئەمدى؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— قايغۇرمىسىلا، شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ بېگى شىچۈەننى ئېلىپ ئۇنى سىلىگە قىز مېلى سۈپىتىدە بېرىپ جىڭجۇ ئايمىقى بىلەن ئالماشتۇرىدۇ، — دېدى لۇ سۇ. لىيۇ بېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا دەرھال مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— بەگنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۈر، — دېدى جۇگې لىياڭمۇ.

— بۇ جۇ يۈنىڭ «يول ئارىيەت ئېلىپ گو بەگلىكىنى يوقىتىش ھىيلىسى» (ئەمىنىيە دەۋرىدە جىن بەگلىكى گو بەگلىكى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يۈ بەگلىكىدىن يول ئارىيەت ئالىدۇ، گو

بەگلىكىنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن يېنىشىدا يۇ بەگلىكىنىمۇ يوقىتىدۇ ــ تەرجىماندىن)، ئۇ نامدا شىچۇەننى ئالىمەن دەپ، ئەمەلىيەتتە جىڭجۇنى ئىشغال قىلماقچى، ــ دېدى جۇگې لياڭ لۇ سۇ كەتكەندىن كېيىن ليۇ بېيغا.

لۇ سۇ قايتىپ بېرىپ جۇ يۈگە ليۇ بېينىڭ ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇ يۈ قۇرۇقلۇق ۋە سۇ قوشۇنلىرىدىن بەش تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ جىڭجۇغا راۋان بولدى. ئۇ شەھەر سېپىلىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە:

ــ جۇگې لياڭ ھەزرىتىم تۇتۇق بەگ جانابلىرىنىڭ ھىيلە ــ مىكرىنى سېزىپ قالغانىكەن، شۇڭا مېنى بۇ يەردە ئۈزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى، ــ دېدى جاۋ يۈن سېپىل راۋىقىدا تۇرۇپ. تۇيۇقسىز بىرەيلەن كېلىپ گۇەن يۈ، جاڭ فېي، خۇاڭ جوڭ، ۋېي يەنلەرنىڭ تۆت تەرەپتىن قورشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى،






www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «تۇتۇق بەگنى تۇتايلى» دەپ جار سېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. جۇ يۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ قاتتىق ۋارقىرىغاچقا، تۇتۇپ بولغان يارىسى يەنە ئېچىلىپ ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى باچيۇغا يېتىپ كەلگەندە ليۇ فېڭ بىلەن گۈەن پىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. جۇگې لياڭ بىرەيلەندىن جۇ يۇگە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپىدە ساۋ ساۋنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ۋاقتىنچە شىچۈەنگە تەگمەي تۇرۇشقا دەۋەت قىلغانىدى. جۇ يۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ئاغرىقى ئىككى بولۇپ:

— ئاھ تەڭرىم، جۇ يۇنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە جۇگې لياڭنى ئاپىرىدە قىلغىنىڭ نېمىسى؟! — دەپ كەينى - كەينىدىن زارلىنىپ جان ئۈزدى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ جۇگې لياڭنىڭ ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم تېرىكتۈرۈشى ئىدى.

جۇگې لياڭ جىياڭدوڭغا بېرىپ ياقا يىرتىپ يىغلاپ، ھازا ئېچىپ جۇ يۇگە ماتەم بىلدۈردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «سۇمۇرغ چۇجىسى» پاك توك ھەزرەتلىرىنىڭ لىيياڭدا ئىش بېجىرگەنلىكى

جۇگې لياڭ دەريا بويىغا كېلىپ كېمىگە چۈشۈپ جىڭجۇغا قايتاي دەپ تۇرغاندا، «سۇمۇرغ چۇجىسى» پاك توك ھەزرەتلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ پاك توڭغا بىر پارچە تەۋسىيە خېتى يېزىپ بېرىپ:

— مېنىڭچە سۈن چۈەن سىلىنى لايىقلىرىدا ئىشلەتمەسلىكى



مۇمكىن، ئەگەر ئىشلار دىتلىرىغا ياقمىسا جىڭجۇغا مەرھەمەت قىلسىلا، ليۇ بېيغا بىرلىكتە ھەمدەم بولايلى، ئۇ سىلىنىڭ تەھسىل قىلغان ئىلىملىرىنى ھەرگىز زايە كەتكۈزۈۋەتمەيدۇ،ــ دېدى. پاڭ توڭ ماقۇل بولدى، جۇگې لياڭ كەتتى.

لۇ سۇ سۇن چۈەنگە پاڭ توڭنى تەۋسىيە قىلدى، سۇن چۈەن پاڭ توڭنىڭ تۇرقىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى ئىشلەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋۇ بەگلىكى يەنە بىر ئىختىساس ئىگىسىدىن مەھرۇم قالدى.

پاڭ توڭ جۇگې لياڭ يېزىپ بەرگەن تەۋسىيە خېتىنى ئالمايلا ليۇ بېينىڭ قېشىغا كەلدى. ليۇ بېي ئۇنىڭ كۆرۈمسىز، يەنە كېلىپ ھاكاۋۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى لېيياڭ ناھىيەسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. پاڭ توڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىش بېجىرمەي، كۈنبويى مەي ـ شاراب ئىچىپ كەيپ ـ ساپا سۈردى.

ليۇ بېي بۇ ئىشتىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن جاڭ فېي بىلەن سۈن چيەننى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئىككىسى كەلگەندىن كېيىن پاڭ توڭ نەق مەيداندىلا ئىش بېجىرىپ، يىغىلىپ قالغان 100 كۈنلۈك ئىشنى يېرىم كۈندىلا بېجىرىپ تۈگەتتى.

ــ خەلپىتىم، ئۆزلىرى زور تالانت ئىگىسى ئىكەنلا، سىلىنى ئاكامغا تونۇشتۇراي،ــ دېدى جاڭ فېي. پاڭ توڭ بۇ قېتىم ليۇ بېينىڭ قېشىغا جۇگې لياڭنىڭ تەۋسىيە خېتىنى ئېلىپ باردى.

جاڭ فېي دەرھال جىڭجۇغا بېرىپ ليۇ بېيغا كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىلدى، بۇ چاغدا جەنۇبتىكى تۆت ئايماقنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەتكەن جۇگې لياڭمۇ قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ پاڭ توڭنىڭ دەل «چۈجە سۇمۇرغ» ھەزرەتلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ليۇ بېي پاڭ توڭنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. پاڭ توڭ ئۇنىڭغا جۇگې لياڭنىڭ تەۋسىيە خېتىنى كۆرسەتتى. ليۇ بېي خەتنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ:

ــ سىما خۇي: «ۋو لوڭ (ياتقان ئەجدىھا)، فېڭ چۇ (چۈجە سۇمۇرغ) ئىككىيلەننىڭ بىرىگە ئىگە بولسىلا ئەلنى

تىنچىتالايدىلا» دېيىشى، بۈگۈن ھەر ئىككىيلەنگە ئىنگە بولىدۇم، ئەمدى خەن خاندانلىقى گۈللىنىدىغان بولدى!— دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاك تۈگنى ئورۇنباسار مۇشاۋىر، كەپتاۋۇللۇققا تەيىنلىدى.

ئايغاقچىلار ساۋ ساۋغا: «ليۇ بېي جۇگې لياڭ بىلەن پاك تۈگنى مۇشاۋىر قىلدى، لەشكەر ئېلىپ قوشۇننى كېڭەيتىۋاتىدۇ، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك توپلاۋاتىدۇ، ئۇلار ھامان بىر كۈنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن» دەپ مەلۇمات يوللاپ بولغانىدى. شۇڭا، ساۋ ساۋ ناھايىتى غەم ـ ئەندىشىگە چۈشۈپ، دەرھال مۇشاۋىرلىرىنى يىغىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇ يەنە يىراققا يۈرۈش قىلىشقا ئاتلانسا ما تېڭنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ



ئاستانە شۇچاڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ما تىڭنى ئاستانىگە چاقىرتىپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈپ، بولغۇسى ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتماقچى بولدى.

ياندىشبەگ خۇاڭ كۇي ساۋ ساۋغا ناھايىتى ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئۇ ساۋ ساۋنىڭ سۇيىقەستىنى ما تىڭغا دەپ قويىدى ھەمدە ئۇنى ساۋ ساۋ قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە دەۋەت قىلدى.

كۇتۇلمىگەندە، خۇاڭ كۇي بۇ ئىشنى يەنە توقىلى لى شياڭچۇنگە ئېيتىپ سالدى. لى شياڭچۇن خۇاڭ كۇينىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى مياۋ زې بىلەن يەڭ سودىسى قىلدى. مياۋ زې ئۇ ئارقىلىق خۇاڭ كۇينىڭ ئاغزىدىن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئالغاندىن كېيىن ساۋ ساۋغا مەخپىي يوسۇندا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ شۇنىڭ بىلەن خۇاڭ كۇينىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلدى ھەمدە يەنە ساۋ خوڭ بىلەن شۇ چۇنى پىستىرما قويۇشقا بۇيرۇدى.

ساۋ ساۋ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇ پىستىرمىغا ئورۇنلاشتۇرغان لەشكەر چىقىپ ما تىڭنى تۇتتى. شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا قوشۇپ ئاچىسىنىڭ ئائىلىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان يىرگىنچلىك مياۋ زېنى، لى چۇنشياڭ، خۇاڭ كۇيلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتل قىلدى. ساۋ ساۋ يەنە شى لياڭ لەشكەرلىرىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ:

— ما تىڭ ئوغلى بىلەن ئىسيان كۆتۈرگەچكە قەتل قىلىندى. قالغانلىرىڭلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقەڭلار يوق، — دېدى. ئۇ يەنە ئۆتكەللەرنى چىڭ ساقلاشقا، ما دەينى قاچۇرۇپ قويماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ چاغدا ما دەي سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ ئاللىقاچان شىلياڭغا قېچىپ كەتكەنىدى. ساۋ ساۋ ما تىڭ قاتارلىقلارنى قەتل قىلىپ بولغاندىن كېيىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنى نىيەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# ساۋ ساۋنىڭ يەكتىكىنى سىلىپ، ساقىلىنى كېسىپ تاشلاپ قېچىپ قۇتۇلغانلىقى

ساۋ ساۋ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىرەيلەن ليۇ بېيىنىڭ شىچۈەنگە تېگىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۈن چۈەنگە ھۇجۇم قىلايلى، چۈنكى ھازىر ليۇ بېيىنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى شىچۈەندە قالدى، سۈن چۈەن ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان تەقدىردىمۇ، ليۇ بېيىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغۇدەك قىزغىنلىقى يوق، شۇنداق بولغاندا ۋەزىر ئەزەم جياڭدوڭنى قولغا ئالالايدىلا، جياڭدوڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن جىڭجۇنى تىنچىتماق ناھايىتى ئاسانغا توختايدۇ، جىڭجۇنى تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىن شىچۈەننى ئالساق جاھان تىنچىغان بولاتتى، — دېدى ساۋ ساۋنىڭ مۇشاۋىرى چېن چۈن. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ سۈن چۈەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى.

سۈن چۈەن دەرھال لۇ سۈنى ليۇ بېيدىن ياردەم سوراپ مەكتۇپ يوللاشقا بۇيرۇدى. جۇگې لياڭ ئۇلارغا جاۋابەن مەكتۇپ يوللاپ ئەنسىرەپ كەتمەسلىكىنى، مۇبادا ساۋ ساۋ ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا ليۇ بېيىنىڭ دەرھال قوشۇن چېكىندۈرۈپ ھەمدەم بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. جۇگې لياڭ يەنە ليۇ بېيىنى ما تىڭنىڭ ئوغلى ما چاۋغا مەكتۇپ يوللاپ ئۇنى قىساس ئېلىشقا دەۋەت قىلىشقا ئۈندىدى.

ما چاۋ ليۇ بېيىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش

ئۈچۈن ئاستانە شۈچاڭغا يېتىپ كەلدى. شىلياڭ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى خەن سۈيمۇ ئۈنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنىدى. شىلياڭ لەشكەرلىرى بىرقانچە كۈنگە قالمايلا چاڭئەننى ئالدى، ساۋ ساۋ خۇڭ، شۈ خۇاڭلارنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، جوڭ يۈنىڭ توڭگۈەن قورۇلىنى ساقلىشىغا ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئۇلاردىن ئون كۈنگىچە قورۇلنى ساقلاپ تۇرالمىسا كاللىسىنى ئالىدىغانلىقى خۇسۇسىدا ئەھدە ئالدى. ساۋ خۇڭ، شۈ خۇاڭ قاتارلىقلار قورۇلغا يېتىپ بېرىپلا جەڭگە چىقىش ئۈچۈن چىقماي، توققۇزىنچى كۈنى ساۋ خۇڭ ما چاۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئىنتايىن بوشاڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قورۇلدىن چىقىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە تۆت تەرەپتىن پىستىرما قوشۇن قورشاپ كەلدى، شۈ خۇاڭ دەرھال ھەمدەمگە كەلدى. ما چاۋ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توڭگۈەن قورۇلىنى ئالدى.

ساۋ ساۋ ياۋغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ توڭگۈەن قورۇلغا كەلدى. شىلياڭ لەشكەرلىرى باتۇر، جەڭگە ماھىر ئىدى. ساۋ ساۋ قاتتىق مۇھاسىرە ئاستىدا قېلىپ دۇلدۇلغا مىنىپ قاچتى. لەشكەرلەر:

— قىزىل يەكتەك كىيىۋالغان ئادەم ساۋ ساۋ شۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال يەكتىكىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ ئارقىدىنلا ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يەنە: «ئۇزۇن ساقاللىق كىشى ساۋ ساۋ شۇ!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ دەرھال يېنىدىكى خەنجىرىنى ئېلىپ ساقىلىنى كېسىپ تاشلىدى. ما چاۋ ئادەملىرىگە:

— كالتە ساقاللىق ئادەم ساۋ ساۋ شۇ، ئۇنى تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ساۋ ساۋ دەرھال تۇغنى يىرتىپ ئېلىپ بوينىغا ئورىۋالدى.

ئۇشتۇمتۇت ما چاۋ نەرە تارتقىنىچە كېلىپ ساۋ ساۋغا نەيزە ئۇردى، ساۋ ساۋ ئىتتىك ئۆزىنى قاچۇرۇۋالدى، نەيزە كېلىپ دەرەخكە سانجىلدى، ساۋ ساۋ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ ما چاۋنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇ 100 نەچچە خان لەشكىرى بىلەن ۋېيخې دەرياسىدىن ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ما چاۋ نەرە تارتىپ دەريا بويىغا قوغلاپ كېلىپ قالدى. شۇ چۇ ساۋ ساۋنى قوغداپ دەريادىن ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ما چاۋ بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇلار 200 مەرتەمدىن كۆپرەك ئېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى، ساۋ ساۋ شۇ چۇنىڭ كۇتۇلمىگەن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شيا خۇيۇەن بىلەن ساۋ خۇڭنى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى گىرەلەشمە جەڭ قىلدى، ساۋ ساۋ قوشۇنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ساۋ ساۋ شۇ خۇاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە كېلىپ بارگاھ قۇرۇپ، ما چاۋنىڭ ئالدى - كەينىدىن تەڭلا ھۇجۇم قىلدى. ما چاۋ قورقۇپ كېتىپ خەن شۈي بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ جەڭنى توختىتىپ، قوشۇننى چېكىندۈرۈش خۇسۇسىدا كېڭەش ئېلىپ باردى. ساۋ ساۋ ما چاۋنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خەن شۈي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، «ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش پەندى»نى ئىشلەتتى. دەرۋەقە، پەند كۈچىنى كۆرسىتىپ، ما چاۋ قىلتاققا چۈشتى - دە، خەن شۈيدىن گۇمانلىنىپ، لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭ سول قولىنى چېپىۋەتتى، يەنە ئۇنىڭ ئىككى سانغۇنىنى قەتل قىلدى. ساۋ ساۋ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ما چاۋنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جەڭدە ما چاۋنىڭ ئېتى يا ئوقى تېگىپ يىقىلىپ چۈشتى، تەلىيىگە يارىشا پاڭ دې، ما دەيلەر ھەمدەمگە كەلدى. ئۈچەيلەن بىرلىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قانلىق يول ئاچتى - دە، مەغرىب تامان قاچتى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئاستانىگە قايتتى. ئۇنى شيەندى خان ئۆزى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە نام - ئابرۇيى پۈتۈن ئەلگە تارقالدى.

خەننىڭ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى جاڭ لۇ شىلياڭ ئايمىقىنىڭ

جەڭدە مەغلۇپ بولغان بىرنەچچە تۈمەن لەشكىرىنى قوبۇل قىلىپ، لەشكىرىي كۈچىنى تولۇقلىدى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ خەنجوڭغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرىۋىدى، مۇشاۋىرى ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن شىچۇەندىكى 41 ئايماقنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىش خۇسۇسىدا تەكلىپ بەردى. يىجۇ ئايمىقىنىڭ چوپاندارى ليۇ جاڭ جاڭ لۇنىڭ لەشكەر كۆپەيتىپ شىچۇەننى ئىشغال قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن قايغۇردى.

— نۆۋەتتىكى غەم ـ قايغۇنى تۈگىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ساۋ ساۋنى جاڭ لۇغا ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرۈشتۇر، — دېدى ئۇنىڭغا ئورۇنباسار ئايماقبېگى جاڭ سۇڭ. شۇنىڭ بىلەن ليۇ جاڭ ئۇنى نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئاستانە شۇچاڭغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. جاڭ سۇڭ شىچۇەننىڭ خەرىتىسىنىمۇ مەخپىي سىزىپ ئېلىۋالغانىدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ كۆرۈمسىز، گېپى قوپال، ئاۋازى يېقىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىشلەتكۈسى كەلمىدى.

جاڭ سۇڭ قايتىشىدا جىڭجۇ ئارقىلىق شىچۇەنگە قايتماقچى بولدى، ئۇ ئەمدىلا جىڭجۇ پاسىلىغا يېتىپ كېلىشىگە ئويلىمىغان يەردىن جاۋ يۈن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە قونالغۇغا ئېلىپ كەتتى. جاڭ سۇڭ بۇنىڭدىن ليۇ بېينىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىك، كەڭ قورساق ئادەم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى.



ئەتىسى ليۇ بېي جۇگې لياڭ، پاڭ تۇڭلار بىلەن بىرگە بېرىپ ئۇنى شەخسەن ئۆزى كۈتۈۋالدى. جاڭ سۇڭ قايتىش ئالدىدا ئۆزى سىزغان شىچۇەننىڭ خەرىتىسىنى ليۇ بېيغا تەقدىم قىلىپ، ئۇنى شىچۇەننى ئېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇندىدى

www.uyghurkitap.com

ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشىنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جاڭ سۇڭ يىجۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ليۇ جاڭنى ساۋ ساۋغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن فا جېڭنى جىڭجۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە، مېڭ دانى بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ليۇ بېيىنىڭ شىچۈەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە قايىل قىلدى.

سۇن چۈەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ جىڭجۇنى تارتىۋالماقچى بولۇۋىدى، بەگ ئانىسى قىزىغا خەۋپ - خەتەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. جاڭ شاۋ:

— سۇن ئايىمغا «ئانىڭىز ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى. سۇن چۈەن جۇ شەننى مۇشۇ تەدبىر بويىچە ئىش قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

سۇن ئايىم ئانىسىنىڭ ئېغىر بىتاپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن



كېيىن ئادۇنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقتى. ئۇلار ئەمدىلا كېمىنى قوزغاي دەپ تۇرۇشىغا جاۋ يۈن يېتىپ كېلىپ ئادۇنى تارتىۋالدى. بۇ چاغدا جاڭ فېيمۇ يېتىپ كەلدى ــ دە، جۇ شەننى ئۆلتۈرۈپ، ئادۇنى ئېلىپ مەھكىمىگە قايتىپ كەتتى، سۈن ئايىم جياڭدوڭغا ئۆزى يالغۇز كەتتى. ئۇ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈن چۈەن جىڭجۇغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ساۋ ساۋ چىبىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن 40 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈن چۈەننىڭ جىڭجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئىتى قالمىدى.

ساۋ ساۋ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ رۇشۇگىچە كەلدى ۋە ئادەملىرىنى ئېلىپ قىرغاققا چىقىپ ئەتراپىنى كۆزەتتى، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن سۈن چۈەننىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ، قوشۇنلىرىنى 50 چاقىرىم يىراقلىققا چېكىندۈرۈپ ئاندىن بارگاھ قۇردى.

ليۇ بېي ساۋ ساۋنىڭ قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ جىڭجۇغا قايتىپ، سۈن چۈەن بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇ ليۇ جاڭدىن لەشكەر ۋە ئاشلىق ئارىيەت سورىدى. ليۇ جاڭ ئۇنىڭغا 4000 نەپەر ئاقساق ـ چولاق، قېرى ـ چۈرى لەشكەر، بەش تۈمەن كۈرە گۈرۈچ بېرىپ تۇردى. ليۇ بېي بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى. ليۇ بېي ليۇ جاڭغا جىڭجۇغا قايتماقچى ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا مەكتۇپ يوللىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ غەرىزى فۇشۈي قورۇلىنى قوغداۋاتقان سانغۇن ئۈزاتقىلى چىققاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قورۇلنى تارتىۋېلىش ئىدى. جاڭ سۇڭ ئۇنىڭ مەكتۇپىدە قەيت قىلىنغان گەپلەرنى راست دەپ چىنپۈتۈپ جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى شىچۈەننى ئېلىپ ئاساس تىكلەشكە ئۈندىدى. دەل شۇ چاغدا ئىنىسى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ قالدى ۋە مەخپىي مەكتۇپنى كۆرۈپ قېلىپ ليۇ جاڭغا دەپ قويدى. ليۇ جاڭ جاڭ سۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ليۇ جاڭ مۇھىم يول ــ لوچېڭنى قوغداشقا كېچىلەپ لەشكەر ئەۋەتتى. خۇاڭ جوڭ، ۋېي يەنلەر بۇيرۇققا بىنائەن بىردىن بارگاھ

قۇرۇشتى. ليۇ جاڭ يەنە ئوغلى ليۇ شۇن، قېيىنئانىسى ۋۇ يىنىمۇ لوچېڭنى قوغداشقا ئەۋەتتى. ۋۇ يى فۇجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى قويۇپ بېرىپ، ليۇ بېينىڭ قوشۇنلىرىنى سۇغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بولدى. ليۇ بېي ئۇنىڭدىن چاققان چىقىپ، پىستىرما قۇرۇپ ھەممىسىنى يوقاتتى.

پاڭ تۇڭ لوچېڭنى ئىشغال قىلىشقا ئالدىراپ ليۇ بېينى قوشۇن باشلاپ چوڭ يولچە بېرىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەپ، ئۆزى ئادەملىرىنى باشلاپ چىغىر يولدىن كېلىپ ئوشتۇمتۇت زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۇ لوفېڭپو دەپ ئاتىلىدىغان بىر جىلغىغا كەلگەندە ياۋ تاغنىڭ ئۈستىدىن يا ئوقلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتكەچكە ئوق تېگىپ ئۆلدى.

جۇگې لياڭ گۇەن يۈنى جىڭجۇنى قوغداشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭغا «مەشرىقتىكى سۇن چۈەن بىلەن بىرلىشىپ شىمالدىكى ساۋ ساۋنى تارمار قىلىمىز» دېگەن بىر پارچە خەتنى قالدۇرۇپ قويدى ھەمدە جاڭ فېينى بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ چوڭ يولچە مېڭىپ باجۇغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. جاۋ يۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ سۇجياڭ دەرياسى بىلەن مېڭىپ لوچېڭغا بارغاندا جاڭ فېي بىلەن ئۇچرىشىدىغان، جۇگې لياڭ ئۆزى جيەن يوڭ، جياڭ ۋەنلەرنى ئېلىپ كەينىدىن بارىدىغان بولۇشتى.

جاڭ فېينىڭ قوشۇنى باجۇن ئايمىقىغا يېتىپ كەلگەندە ئايماقبېگى يەن يەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋېلىپ جەڭگە چىققىلى ئۇنىمىدى، لەشكەرلەر كېچىسى چىغىر يولدا مەشئەل يېقىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. يەن يەن ئىچكى ئەھۋالنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن جاڭ فېي لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا ئادەم كىرگۈزدى.

يەن يەن ئايغاقچىلىرىدىن جاڭ فېينىڭ باجۇن ئايمىقىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى خۇسۇسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىغىر يولغا پىستىرما قۇرۇپ، جاڭ فېي قوشۇنلىرى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئارقىسىدىن قىرغىن قىلماقچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن جاڭ فېي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باستۇرۇپ كەلدى، ئۆتۈپ كەتكەن قوشۇن ئارقىسىغا يېنىپ ئالدىدىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى تىرىك قولغا

چۈشۈردى. ئەسلىدە جاڭ فېي بىراۋنى ئۆزىنىڭ سىياقىدا ياساندۇرۇپ ئالدىن ماڭدۇرۇۋېتىپ يەن يەنىنىڭ كۆزىنى بويىغانىدى.

يەن يەن غەيرەتكە كېلىپ جاڭ فېيدىن كەڭ قوللۇق قىلىشنى، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈندى. جاڭ فېي ئۇنى ئۆز قولى بىلەن باغلاقتىن بوشىتىۋەتتى. يەن يەن جاڭ فېينىڭ ئۆلتۈرمىگىنىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە قول ئاستىدىكى بارلىق سەركەردە ۋە لەشكەرلەرنى ئەل بولۇشقا ئۈندىدى.

جۇگې لياڭ ليۇ بېي، جاڭ فېيلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە پىستىرما قۇرۇپ جاڭ رېننى تىرىك قولغا چۈشۈردى. گەرچە جاڭ رېن تىرىك قولغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما «ئۆلسەممۇ ئەل بولمايمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. جۇگې لياڭ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئادەملىرىگە ئۇنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇدى.

ليۇ جاڭ قېيىنئىنىسى فېي گۇەننى مىيەنجۇننى ساقلاشقا، خۇاڭ جوڭنى خەنجوڭغا بېرىپ جاڭ لۇدىن لەشكەر ئارىيەت ئېلىپ ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

ما چاۋ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ چياڭلار ئېلىگە كەلگەندىن كېيىن، لوڭشىدىكى ئايماقلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يىچېڭ شەھىرىنى خېلى ئۇزۇنغىچە تىركىشىپمۇ ئالالمىدى. ھەمدەمچى قوشۇن يېتىپ كېلەلمىگەچكە، ئايماقبېگى ۋېي كاڭ ما چاۋغا ئەل بولماقچى بولۇۋىدى، مەسلىھەتچى ياڭ فۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلىپ ئۇنى ئەل بولۇشتىن توسۇپ قالدى.

ما چاۋ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ۋېي كاڭنى «چىن كۆڭلىدىن ئەل بولمىغان» دەپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ياڭ فۇنى مەسلىھەتچى قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەي ئېلىپ قالدى.

ياڭ فۇ لىچېڭ شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن ھاممىسىنى نەۋرە ئىنىسى جياڭ شۈنى ما چاۋغا قوشۇن تارتىشقا دەۋەت قىلىشقا ئۈندىدى.

www.uyghurkitap.com

شيا خۇيۇەن ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ جياڭ شۇگە ھەمدەم بولۇشقا كەلدى. ما چاۋ ئۇلار بىلەن كۈچ ئىلىشالماي پاڭ دې، ما دەيلەر بىلەن بىللە خەنجوڭغا قېچىپ بېرىپ جاڭ لۇدىن پاناھلىق تىلىدى. بۇ چاغدا ليۇ جاڭ جاڭ لۇ بىلەن بىرلىشىۋالغان ئىدى. جاڭ لۇ ما چاۋنى قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىچۇەننى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتتى.

چېڭدۇنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم ميەنجۇنى ئىلىش كېرەك ئىدى. ميەنجۇنى ساقلاۋاتقان سەركەردە لى يەن جەڭگە ماھىر ئادەم بولغاچقا، جۇگې لياڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنى جىلغىغا ئالداپ ئەكىرىپ تىز پۈكۈشكە قىستىدى. لى يەن تەسلىم بولغاندىن كېيىن يەنە بىر سەركەردە — فېي گۈەننىمۇ ئەل بولۇشقا ئۈندىدى.

ليۇ بېي قوشۇنلىرىنى باشلاپ چېڭدۇغا كىرگىلىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىرەيلەن ما چاۋنىڭ كېلىپ جيامېڭ قورۇلىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. جاڭ فېي ما چاۋ بىلەن گىرەلەشمە جەڭ قىلدى، ئىككى تەرەپ 200 مەرتەمدىن كۆپرەك ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ما چاۋنىڭ باتۇرلۇقىغا ليۇ بېينىڭ مەستلىكى كېلىپ قالدى. جۇگې لياڭ بۇنى كۆرۈپ، سۇن چيەننى مول سوۋغا - سالاملار بىلەن جاڭ لۇنىڭ مۇشاۋىرى ياڭ سوڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ھەمدە ليۇ بېينىڭ مەكتۇپىنى جاڭ لۇغا ئالغاچ بېرىشنى تاپىلىدى.

ياڭ سوڭ سۇن چيەننى جاڭ لۇ بىلەن كۆرۈشتۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— ليۇ بېي سىلىنىڭ خەنىنىڭغا خان بولۇشلىرىغا كېپىللىك قىلىدىكەن، — دېدى.

جۇگې لياڭ ما چاۋنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى لى خۇينى ئالدىغا چىقىرىپ ماۋ چاۋنى ئەل بولۇشقا ئۈندىدى. ما چاۋ پەيلىدىن يېنىپ ليۇ بېيغا ئەل بولدى.

ليۇ بېي قوشۇنلىرى چېڭدۇغا كەلدى. ليۇ جاڭ ئەل بولدى. ليۇ بېي يىجۇنىڭ چوپاندارى بولدى.

# گۇەن يۇنىڭ يەتتە قوشۇننى سۇغا غەرق قىلغانلىقى

جيەنئەننىڭ 2 - يىلى كۈز پەسلى، ليۇ بېي ئۆزىنى خەنجوڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى، جۇگې لياڭنى مۇشاۋىرلىققا تەيىنلەپ، لەشكىرىي ئىشلار ۋە خانلىقنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. گۇەن يۇ، جاڭ فېي، جاۋ يۈن، ما چاۋ، خۇاڭ جوڭلار «بەش يولۋاس پالۋان» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلۇغ سانغۇنلۇق مەرتىۋىسى بېرىلدى. ليۇ بېي مەلۇمات يېزىپ ئاستانىگە يوللىدى. ساۋ ساۋ قاتتىق غەزەپلىنىپ شۇ بەگلىككە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى.

— شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە ئەلچى ماڭدۇرايلى، — دېدى سىما يى ئۇنىڭغا تەدبىر كۆرسىتىپ، — شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن ليۇ بېيلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور ئۆچمەنلىك بار، شەرقىي ۋۇ بەگلىكى-نى جىڭجۇنى ئىشغال قىلىشقا ئۈندەيلى، ليۇ بېينىڭ جىڭجۇنى قۇتقۇزغىلى كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى خەنچۇەنگە تېگىش قىلسىلا، ليۇ بېي ئالدى - كەينىگە قارىيالماي قالىدۇ - دە، بىز گەپ يوق نۇسرەت قازىنىمىز.

سۈن چۈەن ساۋ ساۋنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سىپاھلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئېلىپ باردى.

— بىز گۇەن يۈنىڭ قىزىنى ۋەلىئەھدىمىزگە سوراپ كۆرەيلى، مۇبادا ئۇ قوشۇلۇپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ساۋ ساۋنى تارمار قىلايلى؛ قوشۇلماي قالسا ساۋ ساۋنىڭ جىڭجۇنى ئىشغال قىلىشىغا ھەمدەم بولايلى، — دېدى جۇگې جىن.

شۇنىڭ بىلەن جۇگې جىن قىز سوراپ گۇەن يۈنىڭ قېشىغا

www.uyghurkitap.com

ئەلچىلىككە باردى. گۆەن يۇ ئەزەلدىنلا سۇن چۈەننى كۆزگە ئىلمايدىغان بولغاچقا، دەرھاللا غەزەپلىنىپ:

— يولۋاسنىڭ قىزى ئىتنىڭ كۈچۈكىگە ياتلىق بولغان نەدە بار؟ — دەپ ھاقارەت قىلىپ جۇگې جىننى قوغلاپ چىقاردى.

سۇن چۈەن ساۋ ساۋ بىلەن بىرلىشىپ ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىپ لەشكەرلىرى بىلەن شياڭياڭغا ئورۇنلاشقان ساۋ رېننى قورۇقلۇق يولى بىلەن بېرىپ جىڭجۇغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتىلا جىڭجۇنى ئالدى. جۇگې لياڭ فېي شى ئارقىلىق گۆەن يۇگە گەپ ئەۋەتىپ، ئۇنى فەنچېڭ شەھىرىگە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى.

گۆەن يۇ لەشكەر تارتىپ فەنچېڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، فۇ شىرېننى باش تۇرشاۋۇل، مىي فاڭنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇللۇققا تەيىنلىدى. يولغا چىققىلىۋاتقاندا ئويلىمىغان يەردىن فۇ شىرېن بىلەن مىي فاڭنىڭ مەيخورلۇقى تۈپەيلىدىن چېدىر، بارگاھنىڭ ئارقىسىغا ئوت كېتىپ، قورال - ياراغ، تەمىنات، ئاشلىق، يەم - خەشەكلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. گۆەن يۇ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئىككىسىنىڭ تۇرشاۋۇللۇق مۇھۆرىنى تارتىۋېلىپ ھەربىرىنى 40 كالتەكتىن ئۇرغۇزدى، ئاندىن لياۋ خۇانى تۇرشاۋۇل، گۆەن پىڭنى ئورۇنباسار تۇرشاۋۇللۇققا تەيىنلىدى.

گۆەن يۇ ئېزىقتۇرۇش ھىيلىسى بىلەن شياڭياڭدىكى ساۋ رېننىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ فەنچېڭ شەھىرىگە چېكىندۈردى. ساۋ ساۋ شياڭياڭنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، فەنچېڭ شەھىرىنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، يۈ جىن بىلەن پاڭ دېنى بېرىپ مۇھاسىرىنى بۇزۇشقا بۇيرۇدى.

پاڭ دې ئادەملىرىگە بىر دانە جەسەت ساندۇقىنى كۆتۈرگۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— مەن ھازىر گۆەن يۇ بىلەن ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلىشقا ئاتلاندىم، ئەگەر گۆەن يۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە جەسىتىمنى مۇشۇ

ساندۇقتا سېلىقلار، مەن گوەن يۇنى ئۆلتۈرسەم كالل‍ىسىنى مۇشۇ ساندۇقتا سېلىپ ئەكىلىپ ساۋ ساۋغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن،— دېدى پاڭ دې. گوەن يۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ پاڭ دېنى جەزمەن ئۆلتۈرمەي قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۇنجى كۈنى گوەن يۇ بىلەن پاڭ دې يۈز نەچچە مەرتەم ئېلىشقان بولسىمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئىككىنچى كۈنى پاڭ دې قىلىچ ھىيلىسى ئىشلىتىپ يوشۇرۇن يا ئوقى بىلەن گوەن يۇنى يارىلاندۇردى.

پاڭ دې يۇ جىننى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى، يۇ جىن ئۇنىڭ نۇسرەت قازىنىپ كېتىشىگە ھەسەت قىلىپ لەشكەر چىقارماقتا يوق، ئەكسىچە چوڭ قوشۇننى تاغ ئېغىزىغا يۆتكەپ چوڭ يولنى ئۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە پاڭ دېنى جىلغىنىڭ ئارقىسىغا بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇپ ئۇنى ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

گوەن يۇ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ئادەملىرىنى ئېلىپ يەر شەكلىنى كۆزەتكىلى چىقتى. ئۇ ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ جىلغىدا لەشكەرگاھ قۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئۇ يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟— دەپ سورىدى.

— زېڭكوچۇەن (تور ئېغىزى دېگەن مەنىدە)،— دەپ جاۋاب بەردى بىرەيلەن.

— بۇ قېتىم يۇ جىن قولۇمغا چۈشىدىغان بولدى،— دېدى گوەن يۇ.

— نېمە ۋەجىدىن بۇنداق دەيدىلا؟— سورىدى سەركەردىلەر.

— تورغا چۈشكەن بېلىق ئۇزۇن ياشىيالايتتىمۇ؟— دېدى گوەن يۇ جاۋابەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇغا غەرق قىلىۋېتىش تەدبىرىنى ئىشلەتمەكچى بولدى.

شۇ كېچىسى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. گوەن يۇ دەريا توسمىسىنى بۇزۇپ سۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، يۇ جىن ئەل بولدى، پاڭ دې جو ساڭنىڭ قولىغا چۈشتى. گوەن يۇ يۇ جىننى قاماپ، ئەل بولغىلى ئۇنىمىغان پاڭ دېنى قەتل قىلدى،

ئاندىن سۇنىڭ كۆچىدىن پايدىلىنىپ فەنچېڭ شەھىرىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى.

فەنچېڭ شەھىرىنى قوغداۋاتقان سەركەردە ساۋ رېن جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. ئۇ گۇەن يۈنىڭ راۋاق ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، 500 ئوقياچىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تەڭلا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. گۇەن يۈنىڭ ئوڭ بىلىكى يا ئوقى تېگىپ يارىلاندى. ئۇنىڭغا تەگكىنى زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان ئوق بولغاچقا، ئوڭ بىلىكى ئىششىپ قارىداپ كەتتى. بىلىكىنى مىدىرلىتالمىغاچقا، سەركەردىلەر ئۇنى جىڭجۇغا قايتىپ يارىسىنى داۋالىتىشقا ئۈندىدى. گۇەن يۈ جىڭجۇغا قايتىقىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، سەركەردىلەر تېۋىپ تېپىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. بىر كۈنى گۇەن يۈ مۇشاۋىرى ما لياڭ بىلەن شاھمات ئويناپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقاندا مەشھۇر تېۋىپ خۇا تو ئالايىتەن ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغىلى كەلدى ۋە يارىنى ساقايتىش ئۈچۈن چوقۇم ئۈستىخاننى قىرىپ، زەھەرنى چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. گۇەن يۈ سورۇن ھازىرلىتىپ، شاراب ئەكەلدۈرۈپ، مەي ئىچكەچ شاھمات ئوينىدى، خۇا تو ئۇنىڭ بىلىكىدىكى گۆشنى يېرىپ، سۆڭەكتىكى زەھەرنى قىرىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم پىچاق سالغاندا «گىرت ـ گىرت» قىلىپ ئاۋاز چىقاتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چېدىر ـ بارگاھتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قورققىنىدىن دىدارىدا قان قالمىدى. گۇەن يۈ بولسا شاراب ئىچىپ، چاقچىقىنى قىلىپ شاھمات ئويناۋەردى. بىردەمدىلا داس ئاققان قانلار بىلەن لىق توشتى. خۇا تو سۆڭەكتىكى زەھەرنى تامام قىرىپ تاشلاپ، يارا ئېغىزىنى يىپ بىلەن تىكىۋەتكەندىن كېيىن دورا سۈرۈپ تېڭىپ قويدى.



www.uyghurkitap.com

# گۇەن يۇنىڭ مەغلۇپ بولۇپ مەيچېڭ شەھىرىگە قاچقانلىقى

گۇەن يۇ پاڭ دېنى قەتل قىلىپ، يۇ جىننى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ساۋ ساۋ ئاستانىگە كۆچۈپ بالا ـ قازادىن ساقلانماقچى بولدى.

ــ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇن چۇەننى لەشكەر باشلاپ بېرىپ گۇەن يۇنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە دەۋەت قىلايلى،ــ دېدى سىما يى تەدبىر كۆرسىتىپ.

سۇن چۇەن جىڭجۇنى ئىشغال قىلىشقا قوشۇلۇپ، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى بېجىرىشنى لۈ مېڭغا ھاۋالە قىلدى.

لۈ مېڭ لۇكۇغا قايتىپ كېلىپ شى زودىن يەنجياڭنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدە تۇرا بارلىقىنى ئاڭلاپ، بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. سۇن چۇەن لۇ شۈننى ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. لۇ شۈن ئۇنىڭ كېسەل ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنى كېسەلنى باھانە قىلىپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە ئۇندىدى.

سۇن چۇەن تەدبىرگە بىنائەن لۈ مېڭنى جىيەنيېگە كېسىلىنى داۋالىتىشقا چاقىرتىپ ئەكىلىپ ئورنىغا لۇ شۈننى ئەۋەتتى. لۇ شۈن گۇەن يۇگە مەكتۇپ يوللىدى، مەكتۇپتە ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان ئىبارىلەر كۆپ ئىدى. گۇەن يۇ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن سۇن چۇەننىڭ مۇشۇنداق يارىماس ئادەمنى ئىشقا قويغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇداپىئەدە تۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، جىڭجۇدىكى لەشكىرىي كۈچنىڭ يېرىمىنى باشلاپ فەنچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com

قىلدى. ئەمەلىيەتتە لۇ مېڭ جىڭجۇنى ئىشغال قىلىشقا يوشۇرۇن هازىرلىق كۆرۈۋاتاتتى.

بۇ چاغدا لۇ مېڭ 80 نەچچە تېز يۈرەر كېمىنى سودا كېمىسىگە ئۆزگەرتىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىپ، سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىشقا بۇيرۇپ، سەرخىل قوشۇننى يوشۇرۇپ، تۇرانى ساقلىغۇچى ئەل بولغان سەركەردىلەرنى قوبۇل قىلىپ قىرغاققا چىقتى ۋە جىڭجۇنى ئالدى.

گوڭئەنگە ئورۇنلىشىپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان فۇ شىرېن گۇەن يۈ بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا، شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە ئەل بولدى، ئۇ يەنە نەنجۈننى قوغداۋاتقان مىي فاڭنىمۇ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

شۇ خۇاڭ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ جىڭجۇنى ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاتلىق قوشۇننى ئىشقا سېلىپ گۇەن پىڭ، لياۋ خۇالارنى مەغلۇپ قىلدى. گۇەن پىڭ بارگاھقا قېچىپ بېرىپ جىڭجۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، گۇەن يۈ چىنپۇتمىدى.

شۇ خۇاڭنىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلدى، گۇەن يۈ يا ئوقى تەگكەن يارىسى تېخى ساقىيىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا لەشكەرگاھتىن چىقىپ، شەخسىي ئاغىنىدارچىلىقىغا تايىنىپ ياۋ قوشۇننى تىنچىتماقچى بولدى. شۇ خۇاڭ ئاغىنىدارچىلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن 80 نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، ساۋ رېنمۇ شەھەردىن چىقىپ ئىككى ياقتىن ھۇجۇم قىلغاچقا، گۇەن يۈ مەغلۇپ بولدى. ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىنلا يالغۇز جىڭجۇ قولدىن كېتىپلا قالماي، يەنە گوڭئەن، نەنجۈنلەرنىڭمۇ ياۋغا ئەل بولغانلىقىنى بىلدى. گۇەن يۈ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بىر تەرەپتىن چېڭدۇغا مەكتۇپ يوللاپ ئادەم ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن جىڭجۇنى تارتىۋېلىشقا ئاتلاندى.

گۇەن يۈ يول بويى ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ماڭدى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى

قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىمۇ ياخشى گۇەن پىڭ بىلەن لياۋ خۇا ئىككىسى قېلىپ بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولغانىدى. گۇەن يۈ مەيچېڭنى مەھكەم ساقلاپ، لياۋ خۇانى ليۇ فېڭ بىلەن مېڭ دادىن ياردەم سوراشقا بۇيرۇدى، مېڭ دا ليۇ فېڭ بىلەن گۇەن يۈنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئاخىرىدا قۇتقۇزۇشقا لەشكەر چىقارغىلى ئۇنىمىدى.

شەرقىي ۋۇ بەگلىكى جۇگې جىنىنى گۇەن يۈنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

ــ مەن بىر ئەزىمەت، شەھەر قولدىن كەتسە ئۆلىمەن، خالاس. قاشتېشى پارچىلانسىمۇ ئاقلىقىنى يوقاتمايدۇ؛ بامبۇك كۆيسىمۇ بوغۇمىنى يوقاتمايدۇ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ھالاك بولسىمۇ، نامىم مەڭگۈ تارىخ بېتىدە قالىدۇ، ــ دېدى گۇەن يۈ تەمكىنلىك بىلەن.

سۈن چۈەن لۈ مېڭدىن تەدبىر سورىدى.



— مەيچېڭنىڭ شىمال تەرىپىگە پىستىرما قوشۇن ئەۋەتەيلى، سەركەردىلەرگە شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرەيلى، غەربىي قوۋۇقنى بوش قالدۇرايلى، — دېدى لۇ مېڭ.

گوەن يۈ جاھىللىق قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمىغاچقا، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ شەھەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— چىغىر يولدا پىستىرما بار، چوڭ يولدىن مېڭىڭ، — دېدى ئەمىر لەشكەر ۋاڭ فۇ.

گوەن يۈ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، گوەن پىڭ قاتارلىقلارنى ئېلىپ غەربىي قوۋۇقتىن ئېتىلىپ چىقىۋىدى، دېگەندەكلا پىستىرمىغا ئۇچرىدى. ئۇ بىر سايلىقتا كېتىۋاتقاندا بىرلا نەرە ئاۋازى بىلەن ئىككى تەرەپكە پىستىرما قويۇلغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا چىقىپ، ئۇزۇن ئىلمەكلىك ئوقۇرۇق ۋە سالمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئالدى بىلەن گوەن يۈنىڭ چىلان تورۇقىنى يىقىتتى، گوەن يۈ ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنى ما جوڭ تۇتۇۋالدى.

سۈن چۈەن گوەن يۈنىڭ ئىستېداتىغا قايىل بولغاچقا، ئۇنى ئەل بولۇشقا ئۈندىمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما قول ئاستىدىكى بىر سانغۇن گوەن يۈنىڭ ساۋ ساۋ بىلەن بولغان ئۆتمۈشتىكى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىتىپ:

— جانابىي پاسىبانىم، مۇبادا بۈگۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەيدىكەنلا كېيىن بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۈن چۈەن جاللاتلىرىغا ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. گوەن يۈ بۇ چاغدا 58 ياشتا ئىدى. گوەن يۈ ئۆلگەندىن كېيىن ما جوڭ ئۇنىڭ چىلان تورۇقىنى سۈن چۈەنگە ھەدىيە قىلدى. سۈن چۈەن بۇ ئاتنى يەنە ما جوڭنىڭ ئۆزىگە ئىنئام قىلىۋەتتى. بۇ چىلان تورۇق ئۆزۈنىچە بىرنەرسە يېگىلى ئۇنىماي ئۆلدى.

ۋاڭ فۇ گوەن يۈ ئاتا ـ بالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، بىرلا ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى سېپىلدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. جۇساڭمۇ ئۆزىنى شەمشەر بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ

مەيچىلىك مۇداپىئەسىز قالدى، جىڭجۇ پۇتۇنلەي شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

كېچە ئايدىڭ ئىدى. ما لياڭ، يى جىلەر كېلىپ جىڭجۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشىغا ئالاقچى كېلىپ گۇەن يۈ ئاتا ـ بالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. لىيۇ بېي بۇلارنى ئاڭلاپ بىرلا ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. يىنىدىكىلەر ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، يۆلەپ ئىچكىرىكى سارايغا ئەكىرىپ كەتتى. جۇگې لياڭنىڭ تەسەللى ئېيتىپ قىلغان گەپلىرى لىيۇ بېينىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. لىيۇ بېي:

ــ كەمىنە گۇەن يۈ، جاڭ فېيلار بىلەن شاپتۇللۇقتا بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە قەسەم ئىچىپ ئاغا ـ ئىنى بولۇشقان، ئەمدى گۇەن يۈ قازا قىپتۇ، مەن قانداقمۇ يالغۇز ياشىيالايمەن؟ ـــ دەپ ھەسرەت چېكىپ تۇرۇشىغا گۇەن شىڭ داد ـ پەرياد بىلەن كىرىپ قالدى، لىيۇ بېي ئۇنى كۆرۈپ يەنە بىر ئاھ ئۇردى ـ دە، يىغلاپ يىقىلدى. ئۇ تولا يىغلاپ بىر كۈندە ئۈت ـ بەش قېتىم ھوشىدىن كەتتى، ئۈچ كۈنگىچە گېلىدىن نە سۇ، نە شەربەت ئۆتمىدى، ياشلىرى ئېقىپ تۈگەپ، كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتى.

لىيۇ بېي قوشۇن باشلاپ بېرىپ گۇەن يۈنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، جۇگې لياڭ ئۇنى توسۇپ دېدى:

ــ پاسىبانىم، لەشكەر تارتماي تۇرغايلا، ھازىر شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىزنى ساۋ ساۋغا سالماقچى، ساۋ ساۋ بىزنىڭ شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىمىزنى خالايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھىيلىسى بار. شۇڭا، ھازىرچە سەۋر قىلىپ مەرھۇم گۇەن يۈگە قارىلىق تۇتايلى. شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكى نىزالاشقاندا بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلارغا يۈرۈش قىلايلى.

لىيۇ بېي بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ ھەممەيلەننى گۇەن يۈگە قارىلىق تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

## تىركىشىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى

ساۋ ساۋ شەقىقە كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، ئاغرىققا زادىلا چىدىيالماي، داڭلىق تېۋىپ خۇا تونى چىللاپ كەلدى.

— بۇ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن باش سۆڭىكىنى يېرىپ، ئىچىدىكى شەقىقە زەردابىنى چىقىرىۋېتىش لازىمدۇر، — دېدى خۇا تو. ساۋ ساۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇا تونى «باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ دەرھال زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ قىيناپ سوراق قىلغاچقا خۇا تو زىنداندا ئۇزۇنغا بارمايلا ئۆلۈپ كەتتى. خۇا تو ئۆلگەندىن كېيىن ساۋ ساۋنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.



جيەنئەننىڭ 25 - يىلى 1 - ئايدا ساۋ ساۋ شەقىقە كېسىلى بىلەن ئۆلدى، شۇ يىلى ئۇ 66 ياشتا ئىدى.

ساۋ ساۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ساۋ پى ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ۋېي بەگلىكىگە خان بولدى. بىر كۈنى بىرەيلەن ئۇشتۇمتۇت ساۋ جاڭنىڭ تەخت تالىشىش ئۈچۈن بەش تۈمەن لەشكەرنى

باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى، بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈگەن ساۋ پى بەگلەردىن مەسلىھەت سورىدى.

— مەن بېرىپ ئۇنى لەشكەر چېكىندۈرۈشكە قايىل قىلاي،— دېدى كېڭەشبەگ جيا كۇي.

ساۋ جاڭ كېڭەشبەگنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالدى ھەمدە ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، يەنىلىكنى قوغدىغىلى كەتتى.

بىر كۈنى باش ۋەزىر خۇا شىن ساۋ پىغا:

— ساۋ جاڭ كېلىپ رەسمىيەتنى بېجىرىپ بولۇپ قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ساۋ جى بىلەن ساۋ شيوڭ تېخىچە ماتەم ـ تەزىيەگە كەلمىدى، قائىدە بويىچە ئۇلارنى جازالاش كېرەك،— دەپ ئىلتىجا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ پى ئۇ ئىككىيلەننى جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى، ساۋ شيوڭ گۇناھىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئەمما ساۋ جى پىسەنت قىلماي يۈرۈۋەرگەچكە، ساۋ پى شۇ چۈغا ئۇنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ساۋ پى ساۋ جىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭغا يەتتە قەدەم ئالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاغا ـ ئىنى تېمىسىدا بىر نەزم توقۇپ چىقىشقا بۇيرۇدى ھەمدە نەزمدە «ئاغا ـ ئىنى» دېگەن ئىبارىنىڭ بولماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئەگەر نەزمدە بۇ ئىبارىنى ئىشلىتىپ قالسا قەتل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ساۋ جى يەتتە قەدەم ماڭە ـ ماڭمايلا مۇنۇ نەزمنى توقۇدى:

پۇرچاقنى پىشۇرماققا پۇرچاق غولى قالاندى،
ماش ـ پۇرچاقلار قازاندا نالە قىلىپ زارلاندى.
نە ھاجەتدۇركى ئۇنى شۇنچە ئۇزاق قايناتماق،
تېگى ـ تەكتى سورالسا، بىر يىلتىزدىن بوي تارتتى.

نەزمنى ئاڭلاپ ساۋ پىنىڭ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساۋ جىنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىپ، مەرتىۋىسىنى چۈشۈرۈپ ئەنشياڭنىڭ تارخانبېگلىكىگە تەيىنلىدى.

ئەلقىسسە، ليۇ بېي گۇەن يۈنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋىدى، لياۋ خۇا يىغلاپ تۇرۇپ باش ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئالدى بىلەن ليۇ فېڭ ۋە مېڭ دانى ئۆلتۈرۈشنى ئۆتۈندى.

— ئالدى بىلەن ئىككىسىنى ئايرىۋېتىپ، ئاندىن بىر - بىرلەپ تۇتايلى، — دېدى جۇگې لياڭ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ خەۋەر تارقىلىپ كېتىپ مېڭ دا كېچىلەپ بېرىپ ساۋ پىدىن پاناھلىق تىلىدى.

ليۇ بېي ليۇ فېڭغا مېڭ دانى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، ساۋ پى شۇ خۇاڭ، شيا خۇشاڭنى ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ليۇ فېڭ شۇ خۇاڭ بىلەن شيا خۇشاڭدىن يېڭىلگەچكە، ليۇ بېي ئۇنى قەتل قىلدى.

ساۋ پى 30 تۈمەن ھەيۋەتلىك قوشۇننى باشلاپ تەكشۈرۈشكە چىقىپ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈپ نەزىر بەردى. خۇا شىن قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار چوڭ ئوردىغا كىرىپ شيەندى خانغا:

— خەن خاندانلىقى ھالاك بولدى، ئەمدى تەختنى ۋېي بەگلىكىنىڭ خانىغا بوشىتىپ بەرگەيلا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — دېدى. شيەندى خان بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

خۇا شىن قاتارلىقلارنىڭ قايتا - قايتا تەھدىت سېلىشى بىلەن شيەندى خان نائىلاج تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى ھەمدە شاھلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىش خۇسۇسىدا پەرمان چىقىرىپ، پەرماننى مۆھۈر بىلەن قوشۇپ ۋېي بەگلىكىنىڭ خانى ساۋ پىغا ئەۋەتىپ بەردى. ساۋ پى سىما يىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەل - ئاۋامنىڭ ئۆزىنى «تەختنى مەجبۇرىي تارتىۋالدى» دەپ قارىلاپ يېتىنە - پاسات قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يالغاندىن كەمتەرلىك قىلىپ، ئۆزىنى ئىقتىدارسىز كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ ئورۇنغا باشقىلارنى ۋارىسلىق قىلدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىپ ئىككى قېتىم مەلۇمات يوللىدى.

خۇا شىن شيەندى خاننى «تەخت ئۆتۈنۈپ بېرىش سۇپىسى»



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سالدۇرۇپ، تەختنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئۈندىدى. سۇپا پۇتكەندىن كېيىن شيەندى خان ساۋ پىنى سۇپىغا چىقىپ تەختنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە پادىشاھلىق مۆھۈرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا بەردى. ساۋ پى مۆھۈرنى تاپشۇرۇۋېلىپ تەختكە ئولتۇردى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ تۆرىلەر ۋە سانغۇن ـ سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى قۇتلۇقلاشتى. ساۋ پى يەنىكاڭ يىلنامىسىنى خۇاڭچۇ يىلنامىسىنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتىپ، مەرھۇم ئاتىسى ساۋ ساۋغا تەيزۇ ـ ۋۇدى خان دەپ نام بەردى، شيەندى خاننى شيەنياڭ بەگلىكىگە تەيىنلىدى، ئەلنىڭ نامى ئۇلۇغ ۋېي پادىشاھلىقى دەپ ئاتالدى.

بۇ خەۋەر چېڭدۇغا يېتىپ كەلدى، ئارقىدىنلا يەنە شيەندى خاننىڭ ئۆلگەنلىكى خۇسۇسىدا ئۆسەك تارقالدى، ليۇ بېي بۇلارنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ، ناله ـ پەريادلار چېكىپ، ھەممەيلەننى قارىلىق تۇتۇشقا ئەمىر قىلدى. جۇگې لياڭ خەلپەت شۇ جىڭ، كېڭشىبەگ چياۋ جۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ليۇ بېينى خان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ليۇ بېي خان بولغىلى ئۇنىمىغاچقا، جۇگې لياڭ بىر تەدبىر ئويلاپ چىقىپ، ئاغرىپ قالغان بولۇۋېلىپ ئۆيىدىن چىقماي يېتىۋالدى. تەدبىر كۇچىنى كۆرستىپ ليۇ بېي قەسىردىن چىقىپ جۇگې لياڭنى يوقلاپ كەلدى ۋە خان بولۇشقا قوشۇلدى.

مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ ليۇ بېي خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئەلەمدار ـ قەلەمدار، بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھەممىسى «ياشىغايلا!» دەپ توۋلاشتى. يىلنامە جاڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتىلدى. ۋۇ خانىم خانىش قىلىپ تەيىنلەندى. چوڭ ئوغۇل ليۇ شەن ۋەلىئەھدلىككە بەلگىلەندى، جۇگې لياڭ ۋەزىر بولدى، قالغان بەگ ـ تۆرىلەر ئۆز لايىقلىرىدا تارتۇقلاندى.

ئەتىسى ليۇ بېي قوشۇننى باشلاپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشىگە ئاتلانماقچى بولۇۋىدى، سانغۇن جاۋ يۇن باش قويۇپ:

ــ خەن خاندانلىقىنىڭ ئاسىيلىرىدىن قىساس ئېلىش

ئومۇمنىڭ ئىشى، قېرىندىشىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش شەخسىي ئىش، جانابلىرىنىڭ ئەلنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى. ليۇ بېي ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرمەي:

— ئىنىمنىڭ قىساسىنى ئالمىسام ماڭا مۇنچىۋالا كەڭرى زېمىننىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى ۋە لەشكەرلەرگە شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

جۇگې لياڭ بەگ - سىپاھلارنى باشلاپ كېلىپ ئىلتىجا قىلىۋىدى، ليۇ بېي ئەمدىلا يۈرۈش قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ تۇرۇشىغا جاڭ فېي لاڭجوڭدىن يېتىپ كېلىپ ليۇ بېينى قۇچاقلاپ ياش تۆكۈپ:

— شاپتۇللۇقتىكى ئەھدىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا! — دېدى.

— قىساسىمىز دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر، ئۇنداقتا ئىككىمىز شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە بىللە يۈرۈش قىلايلى، — دېدى ليۇ بېي. شۇنىڭ بىلەن جاڭ فېي لاڭجوڭغا قايتىپ كېلىپ، سەركەردە فەن جياڭ بىلەن جاڭ داغا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاق تۇغ ۋە بارلىق قوشۇنغا يەتكۈدەك ئاق رەڭلىك دۇبۇلغا - ساۋۇت تەييارلاپ بولۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. جاڭ دا ئۇنىڭدىن كەڭچىلىك قىلىپ مۆھلەتنى سەل - پەل ئۇزارتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋىدى، جاڭ فېي ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى 50 دەررە ئۇرۇپ راسا ساۋىدى، ئاندىن:

— دېگەن مۇددەتتە ۋەزىپىنى تاماملاپ بولۇشمىساڭ كاللاڭنى ئېلىپ سازايى قىلىمەن، — دېدى.

تاياق يېگەن ئىككىسى ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېڭىشىپ، جاڭ فېيدىن ئۆچىنى ئالماق بولۇشتى.

شۇ كۈنى كېچىسى جاڭ فېي جۇدالىق ئازابىنى يەڭگىللەتمەكچى بولۇپ شاراب ئىچىپ بارگاھتا كەيپ بولۇپ يىقىلىپ قالدى. فەن جياڭ بىلەن جاڭ دا ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ ئۇققاندىن كېيىن باھانە تېپىپ چېدىرغا كىرىپ كارىۋات ئالدىغا كەلدى. ئۇلار جاڭ فېينىڭ كۆزى تېخى ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ قول سېلىشقا پېتىنالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن جاڭ فېي خورەكنى


بولۇشىغا تارتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئىككى مۇناپىق بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇن نەچچە ئادەمنى ئېلىپ كېچىلەپ قېچىپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ پاناھلىق تىلىدى.

جاڭ فېينىڭ ئوغلى جاڭ باۋ ئۇچقاندەك بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ليۇ بېيغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي جاڭ فېينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى.

ئەتىسى گۇەن شىڭمۇ جاڭ باۋنى ئېلىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ليۇ بېي بۇ ئىككى جىيەننى كۆرۈپ:

ــ پېقىر غۇربەتچىلىكتە يۈرگەن چېغىمدا گۇەن يۈ، جاڭ فېيلار بىلەن بۇرادەرلىك ئەھدە تۈزۈپ، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇشقا قەسەم ئىچىشكەن، ھالا بۈگۈنكى كۈندە مەن خان بولۇپ ئىككى ئىنىم بىلەن راھەت كۆرەي دەپ تۇرغاندا، ئۇلار بەختكە قارشى بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى،ــ دەپ يەنە ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

ليۇ بېينىڭ يەتتە تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈن چۈەننىڭ قورقۇپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. جۇگې جىن ليۇ بېينى لەشكەر توختىتىشقا كۆندۈرۈشكە ئەلچى بولۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لىيۇ بېيىنىڭ قىساس ئېلىش ئۈچۈن يۇرۇش قىلغانلىقى

جۇگې جىن بەيدى شەھىرىگە كېلىپ لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى جازا يۇرۇشىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى سۆزلىۋىدى، لىيۇ بېي قۇلاق سالمىدى. جۇگې جىن ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى سۇن چۈەنگە مەلۇم قىلدى. سۇن چۈەن ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كېڭەشبەگ جاۋ زىنى ساۋ پىدىن ئۆزلىرىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

ساۋ پى جاۋ زىدىن:

ــ سۇن چۈەن قانداقراق ئادەم؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەقىللىق، دانا، رەھىمدىل، دانىشمەن، باھادىر، تەدبىرلىك بەگ، ــ دەپ جاۋاب بەردى جاۋ زى.

ــ ئۇنىڭ ئىلىم ـ بىلىمدىن قانچىلىك خەۋىرى بار؟ ــ دەپ سورىدى ساۋ پى يەنە.

ــ بوش ۋاقتى بولسىلا كىتاب، سالنامە، تەزكىرىلەرنى ئوقۇيدۇ، كىتاب خالتىسى تالىپلارغا ئوخشاش ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن چىرايلىق ئىبارىلەرنى ئۈزۈۋېلىپ سۆزلەپ سۆلەتۋازلىق قىلمايدۇ، ــ دېدى جاۋ زى.

ساۋ پى ئەل قىلىش يارلىقىنى چۈشۈرۈپ، سۇن چۈەننى ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەش پەرمانى چىقاردى.

ــ ئالىيلىرى، بۈگۈن سۇن چۈەننىڭ ساختا ئەل بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ۋۇ بەگلىكىنىڭ خانى قىلىپ تەيىنلىدىلە، بۇ خۇددى

يولۋاسقا قانات چىققاندەك بىر ئىش بولدى، بىز ئۇلارغا لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلساقمىكىن، — دېدى تۆرە ليۇ يې.

— پېقىر هازىرچە هېچقايسىسىغا جازا يۈرۈشى قىلمايمەن، شۇنداقلا هەمدەممۇ بولمايمەن، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تۇتۇشۇپ ماجالىدىن كەتكەندە هەممىنى بىراقلا يوقاتماقچىمەن، — دېدى ساۋ پى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇراسىم بېگى شىڭ جېننى جاۋ زى بىلەن بىرگە يارلىقنى ئېلىپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە بېرىشقا بۇيرۇدى.

سۈن چۈەن قەلەمدار ـ ئەلەمدار، بەگ ـ سىپاهسالارنىڭ هەممىنى يىغىپ، شۇ بەگلىككە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا نۆكەرلەر تۇيۇقسىز كىرىپ ۋېي پادىشاهلىقىنىڭ شاهىنشاهى ئۇنى خان قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. سۈن چۈەن يارلىقنى قوبۇل قىلدى، بىراق ساۋ پى ئۇنىڭغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ بەرمىدى. ئايغاقچى كىرىپ شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ سۇ ۋە



قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى، سۇن چۇەن ئەلەمدار ـ قەلەمدار، بەگ ـ سىپاھلاردىن ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرۇش خۇسۇسىدا مەسلىھەت سورىدى. ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى، ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقداش كېلىدىغان سۇن خۇەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باش قويۇپ تۇرۇپ:

— شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىشقا مەن باراي، — دېدى. سۇن چۇەن ماقۇل بولدى.

شۇ كۈنى كېچىسى گۇەن شىڭ بىلەن جاڭ باۋ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ بارگاھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. سۇن خۇەن زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ يىلىڭ شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. سۇن چۇەن قېرى سانغۇن خەن داڭنى بەش تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئەسلىدە سانغۇن خۇاڭ جوڭ لىۋ بېيغا ئەگىشىپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلانغانىدى. ئۇ بىردىنلا لىۋ بېينىڭ «پېشقەدەم سانغۇنلار قېرىپ كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، يېقىن ئادەملىرىدىن بەش ـ ئالتىنى ئېلىپ، ئۇدۇل يىلىڭ شەھىرىگە قاراپ كەتتى. ئۇ قېرىپ قالغىنىغا تەن بەرمەي جەڭگە چۈشۈپ، بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قازاندى، ئەتىسى پىستىرمىغا چۈشۈپ ما جوڭنىڭ ئاتقان يا ئوقىدا جان بەردى. لىۋ بېي يۇلىن قوشۇنلىرىغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. سەركەردە گۇەن شىڭ، جاڭ باۋلار رۇخۇ تېغى باغرىدا شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

گەن نىڭ داۋالىنىۋاتقانىدى، ئۇ دەرھال ياۋغا قارشى جەڭگە چىقتى. كۆتۈلمىگەندە ۋاسسالبەگ شا موكېنىڭ ئاتقان ئوقى مېڭىسىگە تېگىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلدى.

گۇەن شىڭ رەقىبى پەن جاڭنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى بار كۈچى بىلەن قوغلاپ كېتىۋاتقاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ يولدىن ئېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قورۇققا كىرىپ قونۇپ قالدى. تۈن نىسپى بولغاندا پەن جاڭمۇ ئۇ چۈشكەن

قورۇقتا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەن جاڭنى قىلىچ بىلەن بىرلا چېپىپ جېنىدىن جۇدا قىلدى.

فۇ شىرېن بىلەن مىي فاڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنىغا ئەل بولدى. ئۇلار شۇندىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ما جوڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ليۇ بېيغا تەقدىم قىلدى. ئىككىسى ئەينى چاغدا يۈز ئۆرۈپ ئەسكىلىك قىلغان بولغاچقا، ليۇ بېي گۇناھىدىن ئۆتمەي، ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ گۇەن يۇنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلدى.

سۇن چۇەن ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ جەڭنى توختىتىش مەقسىتىدە فەن جياڭ بىلەن جاڭ دادىن جاڭ فېينىڭ كاللىسىنى ليۇ بېيغا ئەۋەتىپ بەردى. ليۇ بېي ئۇ ئىككىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ جاڭ فېينىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىۋەتتى، قوشۇنىنىمۇ چېكىندۈرمىدى.

سۇن چۇەن كېڭەشبەگنىڭ مەسلىھەتى بىلەن لۇ شۈننى باش تۇتۇق بېگىلىككە تەيىنلىدى ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن زۇلپىقارىنى ئىنئام قىلدى.

لۇ شۈن سەركەردىلەرنى بارگاھ مەسلىھەتىگە چاقىرىپ، كېڭەشتىن كېيىن ئۇلارنى شۇ بەگلىككە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. قېرى سەركەردە خەن داڭ بىلەن جۇ تەي ئۇنىڭ باش تۇتۇق بېگى بولغانلىقىغا قايىل ئەمەس ئىدى. ئىككىسى ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ، يىلىڭغا بېرىپ سۇن خۇەننى قۇتۇلدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لۇ شۈن شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى تارمار قىلىنسا يىلىڭنىڭ ئۆزلۈكىدىنلا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ليۇ بېي لۇ شۈننىڭ جىڭجۇنى ئىشغال قىلىشقا پىلان تۈزۈۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى ئۆزى باشلاپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى. شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ليۇ

بىيى ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ كېلىپ بارگاھنى تالان ــ تاراج قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، لەشكەرگاھنى سايە چۈشىدىغان سالقىنراق بىر جايغا يۆتكىدى. ۋۇ بەننى جىلغا سىرتىغا چىقىپ ياۋنى ئالداپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۆزى جىلغا ئىچىگە پىستىرما قۇرۇپ، لۇ شۈننىڭ كېلىپ قىلتاققا چۈشۈشىنى كۈتتى.

ۋۇ بەن قورۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياۋنى قايمۇقتۇردى، شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ سانغۇنلىرىدىن دىڭ فېڭ، شۇ شېڭلار جەڭگە چىقماقچى بولۇۋىدى، لۇ شۈن بۇنىڭ ئالداش ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇلارنى توسۇپ قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋۇ بەن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى، ليۇ بېي قوشۇنلىرىنى باشلاپ جىلغىدىن چىقتى. ۋۇ بەگلىكىنىڭ سانغۇنلىرى بۇنى كۆرۈپ لۇ شۈننىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا قايىل بولۇشتى.

— بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىمىز، — دېدى لۇ شۈن.

ليۇ بېي سۇ قوشۇنلىرىغا شەرقىي ۋۇ ئىلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ دەريانى بويلاپ 700 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا تۇتاش بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. سانغۇن خۇاڭ چۈەن ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋىدى، قۇلاق سالمىدى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ساۋ پىغا مەلۇم قىلىشتى.

— ليۇ بېي بۇ قېتىم چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، — دېدى ساۋ پى كۈلۈپ، — مۇبادا لۇ شۈن نۇسرەت قازانسا جەزمەن شىچۈەنگە يۈرۈش قىلىدۇ. شۈگا، ساۋ رېن، ساۋ شيۇ، ساۋ جېن، سىلەر قوشۇنلىرىڭلارنى ئېلىپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئۇ يەنە.

ئەلقىسسە، ما لياڭ ليۇ بېي لەشكەرگاھىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسىنى ئېلىپ كېلىپ جۇگې لياڭغا كۆرسەتتى.

— خان ئالىيلىرىغا مۇشۇنداق بارگاھ قۇرۇش خۇسۇسىدا ئەقىل كۆرسەتكەن كىم؟ لەشكەرنى يەر شارائىتى بەك مۇرەككەپ كەڭ يەرگە تۇتاش قارارگاھقا ئورۇنلاشتۇرۇش لەشكىرىي ئىلىمدە قاتتىق چەكلىنىدىغان ئىش. ناۋادا ياۋ ئوت بىلەن تېگىش قىلىپ

www.uygurkitap.com

قالسا قۇتۇلماق تەسكە توختايدۇ. سىلى تېز بېرىپ خان ئالىيلىرىغا ئېيتسىلا، لەشكەرگاھنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇڭلار. مۇبادا سىلى بارغۇچە جەڭ باشلىنىپ ئالىيلىرى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا بەيدى شەھىرىگە بېرىپ پاناھلانسۇن. كەمىنە يۇ فۇپۇغا 10 تۈمەن لەشكەرنى بۆكتۈرمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى جۇگې لياڭ خەرىتىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ.

لۇ شۈن مۇشاۋىرلار يىغىلىشىدا كەنجى سەركەردە چۈن يۇدەننى 5000 لەشكەرنى باشلاپ بېرىپ دەريانىڭ جەنۇبىدىكى بارگاھنى ئېلىشقا، ناۋادا ئالالماي قالسا ئەھۋالنىمۇ بولسا تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، يەنە سانغۇن شۇ شېڭ بىلەن دىڭ فېڭنى 3000 لەشكەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇدى.

لۇ شۈن جۇ رەنگە كېمىلەرگە لىق قۇرۇق ئوت - چۆپ بېسىپ، سۇ يولى بىلەن مېڭىپ شۇ بەگلىكىنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا؛ يەنە خەن داڭ، جۇ تەيلەرگە قوشۇننى باشلاپ بېرىپ ياۋنىڭ بارگاھىغا ئوت قويۇشقا؛ باشقا سانغۇن، سەركەردىلەرنى تاكى لىيۇ بېينى قولغا چۈشۈرگىچە كېچە - كۈندۈز قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇشتۇمتۇت شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىپ شۇ بەگلىكىنىڭ بارگاھىدا ئوت كۆيۈشكە باشلىدى. لەشكەرلەر ئالاقزەدە بولۇپ جان ھەلەكچىلىكىدە بىر - بىرىنى دەسسەپ چەيلەشتى. پاتىپاراقچىلىقتا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى.

شۇ شېڭ، دىڭ فېڭلار لىيۇ بېيغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. تەلىيىگە يارىشا، ئۇنى جاڭ باۋ كېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. لىيۇ بېي بەيدى شەھىرىگە بېرىشنى ئويلىۋىدى، لۇ شۈن زور قوشۇننى باشلاپ ئۇنى تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كەلدى، يەنە جۇ رەنمۇ كېلىپ قىرغاقتا ئالدىنى توستى. بۇ چاغدا جاۋ يۈن جياڭجۇدىن يېتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىپ جۇ رەڭنى ئۆلتۈرۈپ، ليۇ بېيىنى 100 نەچچە ئادەم بىلەن بىللە بەيدى شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويدى.

لۇ شۈن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ليۇ بېيىنى كۆيگۈەن قورۇلىنىڭ ئەتراپىغىچە قوغلاپ كەلدى، ئۇ بۇ جاينىڭ يەر شەكلىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆرۈپ، بىر يەرلىك كىشىنى تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ تېگى - تەكتىنى سورىدى.

— بۇ يەرنىڭ نامى يۈفۇپۇ، جۇگې لياڭ شىچۇەنگە كىرگەندە لەشكەرلىرىنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، قۇم ساھىلغا تاشلارنى مۇشۇنداق تىزدۇرۇپ جەڭ مەيدانىدەك كۆرۈنۈش پەيدا قىلدۇرغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇنىڭ ئىچىدىن ھەمىشە مۇشۇنداق قىر - چاپنىڭ سورى چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى ھېلىقى كىشى.

— بۇ ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان ھۈنەركەنغۇ، — دېدى لۇ شۈن ھېلىقى كىشىنىڭ گېپىگە چىنپۇتمەي. ئۇ بىرنەچچە نۆكەر بىلەن تاشتىن ياساپ قويۇلغان جەڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇتلا گۈلدۈرلەپ قاتتىق بوران چىقىپ، تاش - قۇم يېغىپ، جاھاننى بىردەمدىلا چاڭ - توزان قاپلاپ كەتتى. لۇ شۈن قاتتىق چۆچۈپ:

— جۇگې لياڭنىڭ دامىغا چۈشۈپتۇق! — دەپ ۋارقىرىدى. تۇيۇقسىز بىر بوۋاي كېلىپ لۇ شۈننى ھېلىقى يەردىن ئاچىقىپ كەتتى. لۇ شۈن ئۇنىڭدىن:

— سىلى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي ئۆزىنى:

— پېقىر جۇگې لياڭنىڭ قېيىنئاتىسى خۇاڭ چېڭيەن بولىمەن، — دەپ تونۇشتۇردى.

— كەمىنىلىرى جۇگې لياڭغا يەتمەيدىكەنمەن، — دەپ خورسىندى لۇ شۈن. ئۇ قوشۇنلىرىغا قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋېي خاندانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

دەرۋەقە، ساۋ پى قوشۇنغا ئۆزى باش بولۇپ جەڭگە چىققان ئىدى، بىراق ئۈچ تارام زور قوشۇنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ



قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، نائىلاج قالدۇق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئاستانىگە قايتىپ كەتتى.

ليۇ بېي بەيدى شەھىرىدە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، جۇگې لياڭ قاتارلىقلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ھاۋالە قىلدى.

ليۇ بېي ۋەسىيەتنامىنى پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن جۇگې لياڭغا:

— ۋەزىر ئەزەم، ۋەلىئەھدىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم. ئەگەر ئوغلۇم ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلالىغۇدەك بولسا ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا ھەمدەم بولسىلا؛ مۇبادا ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك بولسا تەختتە ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ ئەلنى ئىدارە قىلسىلا، — دېدى.

— كەمىنىلىرى چوقۇم ۋەلىئەھدىمىزنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، تاكى كۆزۈم يۇمۇلغانغا قەدەر ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي ۋاپات بولغاندىن كېيىن جۇگې لياڭ ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئوغلى ليۇ شەننى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. يېڭى خان يىلنامىنى جيەنشىڭ يىلنامىسىغا ئۆزگەرتتى.

# جۇگې لياڭنىڭ بەدەۋلەر خانى مېڭ خۇنى يەتتە قېتىم تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكى

لىيۇ بېينىڭ ۋاپات بولغانلىقى خۇسۇسىدىكى خەۋەر ۋېي خاندانلىقىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساۋ پى دەرھال لياۋدوڭدىكى سىيانپىي، جەنۇبتىكى بەدەۋلەر ۋە سۇن چۈەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەش تارامغا بۆلۈنۈپ شۇ بەگلىكگە جازا يۈرۈشكە



ئاتلاندى. ليۇ شەن تېت ـ تېت بولۇپ جۇگې لياڭنى كېچەشكە چىللىدى، ئەمما جۇگې لياڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمىدى.

ۋەزىر ـ ۋۇزىرالارنىڭ ھەممىسى ئىزتىراپقا چۈشكەچكە، ليۇ شەن جۇگې لياڭنى يوقلاپ باش ۋەزىر مەھكىمىسىگە ئۆزى كەلدى.

ــ كەمىنىلىرى ياۋنى چېكىندۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن، تۆت تارام قوشۇننى چېكىندۈرۈشكە سەركەردە نامزاتىنى تاللاپ بولدۇم، پەقەت سۈن چۈەننىڭ ئالدىنى توسۇشلا قالدى، بۇنىڭغا تېخى نامزاتنى بېكىتىپ بولالمىدىم،ــ دېدى جۇگې لياڭ.

جۇگې لياڭ ليۇ شەننى مەھكىمىدىن ئۇزىتىپ قويىدى، ئۇ دىۋانبېگى دېڭ جىننىڭ سۆزمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، خانغا ئۇنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلدى.

سۈن چۈەن قاتارلىقلار شۇ بەگلىكىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلاندى.

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ــ دەپ مەسلىھەت سورىدى سۈن چۈەن.

ــ داڭقاندىن بىرنى ئېسىپ ئىق ماي قۇيۇپ ئوتتا قىزدۇرۇپ، ئۇنى «داڭقانغا تاشلايمىز» دەپ قورقۇتۇپ، بىزنى قايىل قىلىشقا كەلگىنىگە تويغۇزايلى،ــ دېدى جاڭ جاۋ. دېڭ جى سارايغا كىردى، ئۇ سۈن چۈەننىڭ ئويۇنلىرىدىن قورقۇپ كەتمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇلارنى «ئىچى تار» دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە شۇ بەگلىكىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماق بولۇپ، داڭقاننىڭ ئىچىگە سەكرىمەكچى بولدى. سۈن چۈەن ئۇنى توسۇۋېلىپ ئارقا سارايغا چىللىدى. دېڭ جى سۈن چۈەننى قايىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاڭ ۋېننى شىچۈەنگە دوستلۇق ئورنىتىپ كېلىشكە سالامغا

ئەۋەتتى. جۇگې لياڭ جاڭ ۋېننى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە زىياپەت بېرىپ، مەي ـ شاراب بىلەن مېھمان قىلدى.

جاڭ ۋېن ناھايىتى تەكەببۇر بولغاچقا، مەشھۇر زات چىن مىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، ئۇ يالغان كەيپ بولۇۋېلىپ جاڭ ۋېن بىلەن مۇنازىرىلەشتى. جاڭ ۋېن ئۆزى يولسىزلىق قىلىپ قويغان بولغاچقا ، ئۇيالغىنىدىن يۈزى قىزىرىپ، تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. جۇگې لياڭ ئۇنى ئوسال ھالەتتىن قۇتۇلدۇرماق بولۇپ ئارىغا چۈشۈپ مۇنازىرىنى توختىتىپ قويدى. جاڭ ۋېن مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن شۇ بەگلىكىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ ۋۇ بەگلىكىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىككى ئەلنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى تەشەببۇس قىلدى.

ساۋ پى ۋۇ بەگلىكى بىلەن شۇ بەگلىكىنىڭ ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى ئۇقۇپ، خۇاڭچۇنىڭ 5 ـ يىلى كۈزدە 30 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ۋۇ بەگلىكىگە جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى.



سۇن چۈەن بىر تەرەپتىن جۇگې لياڭدىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ شېڭنى ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئاتلىق ئايغاقچى كېلىپ، جاۋ يۈننىڭ ياڭپىڭ قورۇلىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئۇدۇل چاڭئەننى كۆزلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ساۋ پى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال لەشكەر چېكىندۇرۇۋېدى، كۇتۇلمىگەندە ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى قومۇشلۇقتا ئوت قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بارلىق كېمىلىرىنى كۆيدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كەتتى.

جيەنشىڭنىڭ 3 ـ يىلى بەدەۋىلەرنىڭ خانى مېڭ خۇ يوك كەي، جۇ باۋلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈردى ھەمدە يوڭچاڭ ئايمىقىغا قورشاپ ھۇجۇم قوزغىدى.

جۇگې لياڭ ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ يوك كەينى ئۆلتۈرۈپ، يوڭچاڭ ئايمىقىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇردى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ بەدەۋىلەرنىڭ زېمىنىغا كىردى.

جۇگې لياڭ ما سۇدىن تەدبىر سورىدى. ما سۇ بەدەۋىلەرنى تىنچىتىش ئۈچۈن جەزمەن ئۇلارنىڭ جان تومۇرىغا تېگىش قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. جۇگې لياڭ مېڭ خۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى ــ دوك تۇنا، ئا خۇينەن قاتارلىق سەركەردىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن پىستىرما قۇرۇپ، مېڭ خۇنى تىرىك قولغا چۈشۈردى، ئاندىن ئۇنىڭدىن:

ــ شۇ بەگلىكىگە ئىتائەت قىلامسەن، يوق؟ ــ دەپ سورىدى.

مېڭ خۇ:

ــ تاغ يولى تار بولغاچقا قولغا چۈشۈپ قالدىم، تۇتۇلۇپ قالغىنىمغا قايىل ئەمەسمەن، ــ دەپ تۇرۇۋالغاچقا جۇگې لياڭ ئۇنى قويۇپ بەردى.

مېڭ خۇ لۇشۈيگە بارگاھ قۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا 10 تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەر توپلىدى. ئۇ يەنە جۇگې لياڭنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. جۇگې

لياڭ ما دەينى 3000 لەشكەرنى باشلاپ شاكۇ ئېغىزى ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ بەدەۋلەرنىڭ ئاشلىق توشۇش يولىنى ئۈزۈۋېتىش، دوڭ تۇنا، ئا خۇيىنەن بىلەن بىرلىشىپ، جەڭدە ئېچكى جەھەتتىن ماسلىشىشقا بۇيرۇدى.

مېڭ خۇ ھەر كۈنى دېگۇدەك مەي ـ شاراب ئىچىپ لەشكەرلەر بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ ئايغاقچىدىن ما دەينىڭ ئاشلىق توشۇيدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقى خۇسۇسىدىكى خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن دوڭ تۇنانى ما دەينى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. دوڭ تۇنا جۇگې لياڭنىڭ ئالدىنقى قېتىم ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندا ئۆلتۈرۈۋەتمەي قويۇپ بەرگىنىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ما دەي بىلەن ئۇچرىشىپ، جەڭ قىلماي تۇرۇپلا ئۆزلۈكىدىن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كەتتى. مېڭ خۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ دوڭ تۇنانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، باشقىلار نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توسۇۋالدى.

دوڭ تۇنا كېچىسى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ مېڭ خۇنى تۇتۇپ باغلاپ ئاپىرىپ جۇگې لياڭغا سوۋغا قىلدى. مېڭ خۇ يەنىلا باھانە كۆرسىتىپ:

— قول ئاستىمدىكىلەر زىيانكەشلىك قىلغاچقا تۇتۇلۇپ قالدىم، — دەپ تۇرۇۋالدى. جۇگې لياڭ ئۇنىڭغا شۇ بەگلىكنىڭ سەرخىل قوشۇن، ھەيۋەتلىك سانغۇن ـ سەركەردىلىرىنى، يەم ـ خەشەك، ئاشلىق، قورال ـ ياراغلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى.

مېڭ خۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دوڭ تۇنا بىلەن ئا خۇيىنەننى بارگاھقا ئالداپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ھەمدە ئىنىسى مېڭ يۇنى يالغاندىن زۇلپىقار سوۋغا قىلغىلى كەلگەن بولۇپ، جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. گەرچە جۇگې لياڭ بۇنىڭ مېڭ خۇنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما كەلگەن مېڭ يۇ قاتارلىق كىشىلەرگە زىياپەت بېرىپ، مەي ـ شاراب ئىچۈرۈپ ئوبدان كۈتۈۋالدى.

شۇ كۈنى كېچىسى مېڭ خۇ جۇگې لياڭنىڭ بارگاھىنى

تالان ـ تاراج قىلىشقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنىسى مىڭ يۇ قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ مەست بولۇپ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا جاۋ يۇن، ۋېي يەن، ۋاڭ پىڭلار ئۈچ تارامغا بۆلۈنۈپ باستۇرۇپ كېلىپ بەدەۋىلەرنىڭ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. مىڭ خۇ ئۈچىنچى قېتىم قولغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قايىل بولماي:

— ئىنىم مەي ـ شارابقا دۇم چۈشۈپ ئىشنى بۇزۇپ قويغاچقا قولغا چۈشۈپ قالدىم، — دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جۇگې لياڭ ئۇنى يەنە قويۇپ بەردى.

مىڭ خۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بەدەۋىلەر بەگلىكىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن يەنە بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر توپلاپ، شۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. جۇگې لياڭ قوشۇنىغا ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ جەڭ قىلماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ بەدەۋىلەر قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى سەل ـ پەل بېسىققاندىن كېيىن ئاتلىق قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. مىڭ خۇ قالدۇق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قاچتى. جۇگې لياڭنىڭ قوشۇنلىرى ئۇنى تاكى ئورمانلىققىچە قوغلاپ كېلىشتى. مىڭ خۇ ئون نەچچە ئادەمنىڭ جۇگې لياڭنى بىر مەيگە سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تىرىپىرەن قىلىۋەتمەكچى بولۇپ ئېتىلىپ كېلىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە تۇزاققا چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەنىلا تۇتۇلۇپ قالغىنىغا قايىل بولماي:

— پېقىر بۇ نۆۋەت بىخەستەلىك قىلىپ سىزنىڭ دامىڭىزغا چۈشۈپ قالدىم، بۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم ھەرگىز يۇمۇلمايدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن جۇگې لياڭ ئۇنى يەنە قويۇپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ مىڭ خۇنى تۆتىنچى قېتىم قويۇپ بېرىشى ئىدى.

مىڭ خۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل تازىيكە (ئەجدىھا) غارىدا مۆكۈنۈپ يېتىپ ياۋ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى، ئەمما «كۈمۈش غار»نىڭ

www.uyghurkitap.com

غوجىسى ياڭ فېڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا ئەكىلىپ بەردى.

— ئەمدىغۇ قايىل بولارسەن؟ — دېدى جوگې لياڭ.

— بۇ سېنىڭ ئىستېداتلىق بولغانلىقىڭدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز غارىمدىكى ئادەملەرنىڭ ماڭا ئورا كولاپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدىن بولدى. مەن ئەزەلدىن «كۆمۈش تاغ» ئىچىدە تۇرۇپ كەلگەن، ئۇ قاتمۇقات تەبىئىي توسۇقلىرى بار مۇستەھكەم جاي، سىلى مېنى شۇ يەردە جەڭدە مەغلۇپ قىلىپ تۇتۇۋالالىسىلا، ئاندىن قايىل بولىمەن، — دېدى مېڭ خۇ. جوگې لياڭ ماقۇل بولۇپ، ئۇنى يەنە قويۇپ بەردى.

مېڭ خۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قېيىنئىنىسى دەي لەينى شامال چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، يىلان - چايانلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ بويسۇندۇرالايدىغان سېھىرگەر مۇ لۇ تۆرەمنى ھەمدەملىككە چىللاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ بولغانىدى، مېڭ خۇنىڭ رەپىقىسى جۇ روڭ جەڭگە چىقىپ سانغۇن جاڭ يى بىلەن ما جوڭنى تۇتۇۋالدى. ئەتىسى جوگې لياڭ ھىيلە ئىشلىتىپ جۇ روڭ خانىمنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى سانغۇننى تېگىشتى.

سېھىرگەر مۇ لۇ جەڭگە چىقىپ يىلان - چايان، يىرتقۇچلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارنى باشلاپ شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. جوگې لياڭ بەدەۋىلەرنىڭ سېھىر - جادۇ قىلىپ يىرتقۇچلارنى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىدىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولغاچقا، ئوردىدىكى چېغىدا بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ياغاچ ئويما قىلىپ ياسالغان چوڭ يىرتقۇچ ھايۋان مودېللىرىنىڭ ئاغزىغا دورىلارنى قويۇپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. سېھىرگەر مۇ لۇنىڭ يىرتقۇچلىرى ئاغزىدىن ئوت، دۈت يېنىۋاتقان ياغاچ يىرتقۇچلارنى كۆرۈپ قورقۇپ بەدەر قاچتى. شۇنىڭ بىلەن شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرى بۇ جەڭدە تولۇق زەپەر قۇچتى.

مېڭ خۇنىڭ قېيىنئىنىسى بولسا مېڭ خۇ، ئاچىسى جۇ روڭ ئاغىچا قاتارلىق نەچچە يۈز ئادەمنى تۇتۇپ ئەكىلىپ ئەل بولدى، جۇگې لياڭ ئۇلارنى «ساختا ئەل بولغىلى كەلگەن بولمىسۇن يەنە» دەپ شۇبھىلىنىپ، تۇتۇپ باغلىدى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېنىدىن خەنجەر چىقتى. مېڭ خۇ ھىيلە ـ مىكرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بىزدە «مەرتەم ـ مەرتەم يەتتە مەرتەم» دېگەن گەپ بار، ئەگەر مېنى يەتتىنچى قېتىممۇ تۇتۇۋالسىلا سىلىگە ھەقىقەتەن قايىل بولغان، شۇ بەگلىكلىكە چىن دىلىمدىن ئىتائەت قىلغان بولاتتىم، ــ دېدى. جۇگې لياڭ مەردلىك قىلىپ ئۇنى يەنە قويۇۋەتتى.

مېڭ خۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋۇگې دېگەن بىر ئەلنىڭ دانلىق زىرائەتتىن قىلىنغان تائاملارنى ئېغىزىغا ئالمايدىغان، زەھەرلىك يىلان ـ چايان، يىرتقۇچلارنى خام يەيدىغان، بەدىنىدە قىلىچ ـ نەيزە، يا ئوقى كار قىلمايدىغان قاسىراقسىمان قويىغى بار ۋۇ تۇگۇ ئىسىملىك پاسىبانىنى ۋە ئۇنىڭ توقۇلما قوياغلىق (بۇ خىل قوياغ تاغلارغا يامىشىپ ئۆسىدىغان پىلەكسىمان ئوت ـ چۆپلەرنى قايتا ـ قايتا مايغا چىلاپ، قايتا ـ قايتا قۇرۇتۇپ ياسىلىدۇ، ئۇنى كىيىۋالغان ئادەم سۇغا كىرسە چۆكۈپ كەتمەيدۇ، سۇ يۇقۇشمايدۇ، ئوقيا، قىلىچ، نەيزە دېگەنلەر ئۆتمەيدۇ) لەشكەرلىرىنى جەڭدە ھەمدەم بولۇشقا چىللاپ ئەكىلىپ، يەنە شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. جۇگې لياڭ ئۇلارغا ئوت بىلەن تاقابىل تۇرۇپ مەغلۇپ قىلدى. مېڭ خۇ يەتتىنچى قېتىم جۇگې لياڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئاندىن شۇ بەگلىكلىكە چىن كۆڭلىدىن ئىتائەت قىلدى. جۇگې لياڭ ئۇنى بەدەۋىلەرگە ئەبەدىيلىك بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئىشغال قىلغان بارلىق بەدەۋىلەر زېمىنلىرىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى. بەدەۋىلەر ئۇنىڭ بۇ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، قايتا ئىسيان كۆتۈرمەسلىككە قەسەم ئىچتى. جۇگې لياڭ جەنۇبنى تىنچىتىپ، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
www.uyghurkitap.com

# جۇگې لياڭنىڭ ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ چىققانلىقى

ساۋ پى تەختكە ئولتۇرۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن غۇلاپ چۈشتى. ئوغلى ساۋ رۇي ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

جۇگې لياڭ ئارنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ ساۋ رۇي بىلەن سىما يىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇبھى پەيدا قىلدى، كېيىن سىما يى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلدى.

سىما يى ئورنىدىن قوغلانغاندىن كېيىن جۇگې لياڭ شۇ بەگلىكنىڭ خانى ليۇ شەندىن ۋېي پادىشاھلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى، خان قوشۇلدى. جۇگې لياڭ پېشقەدەم سانغۇن جاۋ يۈنگە خەنجوڭغا لەشكەر تارتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ساۋ رۇي شيا خۇيۈەنىنىڭ ئوغلى شيا خۇماۋنى باش تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ، ئۇنى 20 تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەرنى باشلاپ جۇگې لياڭغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. شيا خۇماۋ جاۋ يۈن بىلەن جەڭ قىلىپ ئېغىر چىقىم تارتىپ نەنئەن ئايمىقىغا قېچىپ كەتتى. جۇگې لياڭ ئۇنىڭ جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدى بىلەن ئەندىڭ ئايمىقىنى ئالدى، ئۇ ئەندىڭ ئايمىقىدىكى سۈي لياڭنىڭ نائىلاج ئەل بولغانلىقىنى بەش قولدەك بىلگەچكە، ئۇنى يەنە ئەتەي گۇەن شىڭ، جاڭ باۋلار بىلەن بىرگە نەنئەن ئايمىقىغا بېرىپ شيا خۇماۋنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككىسى ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ نەنئەن ئايمىقىنى ئېلىپ شيا خۇماۋنى تىرىك قولغا چۈشۈردى.

ئەتىسى جۇگې لياڭ يەنە تيەنشۈي ئايمىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، يالغاندىن نەنئەننىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئېيتىپ، تيەنشۈي

ئايمىقنىڭ ۋالىيسى ما زوڭنىڭ نەنئەننى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۆتۈندى. ئويلىمىغان يەردىن، ما زوڭنىڭ قول ئاستىدىكى جياڭ ۋېي بۇ ھىيلىنى سېزىپ قالغاچقا، ما زوڭ يالغاندىن ئۆزىنى تيەنشۈي ئايمىقىدىن لەشكەرلىرى بىلەن چىقىپ كەتكەندەك قىلىپ كۆرسەتتى. جاۋ يۈن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىلىۋىدى، جياڭ ۋېي ئالدىنى توسۇۋالدى، ما زوڭمۇ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. جاۋ يۈن ئالدى ـ كەينىدىن تەڭ زەربىگە ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا تەلىيىگە جاڭ يى بىلەن گاۋ شياڭ كېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

جۇگې لياڭ قوشۇنلىرىنى ئۈچ تارامغا بۆلۈپ تيەنشۈي ئايمىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، بىرىنچى تارام قوشۇن جىچېڭ شەھىرىنى ئالداپ قولغا چۈشۈردى، جياڭ ۋېي ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ جىچېڭ شەھىرىگە كەلدى. جۇگې لياڭ شيا خۇماۋنى قويۇپ بەردى، ئۇ يول ئۈستىدە ئاۋام ـ پۇقرادىن جياڭ ۋېينىڭ شۇ بەگلىككە ئەل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تيەنشۈي ئايمىقىغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى ما زوڭغا ئېيتتى.



جۇگې لياڭ لەشكەرلىرىگە يىچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇ شەھەردە ئاشلىق كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، لەشكەرلىرىنى شەھەر سىرتىدا قەستەن ئاشلىق يۆتكەشكە بۇيرۇپ، جياڭ ۋېينى ئالداپ ئۇۋىسىدىن چىقارماقچى بولدى.


دەرۋەقە، جياڭ ۋېي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاشلىق بولماقچى بولۇپ شەھەردىن چىقىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە شەھەرنى شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى ئېگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جياڭ ۋېي نائىلاج جۇگې لياڭغا ئەل بولدى.

ساۋ رۇي جۇگې لياڭ قوشۇنلىرىنىڭ ۋېيشۇيگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ساۋ جېننى تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ، ئۇنى 20 تۈمەن قوشۇننى باشلاپ قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. ۋېي خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، لەشكەرگاھى شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىندى. ساۋ جېن كۈنپېتىشتىكى چياڭلار ئېلىنىڭ تۆمۈر قاڭقىللىق قوشۇننى ھەمدەملىككە چىللىدى. جۇگې لياڭ قار ئۈستىگە بۆكتۈرمە قۇرۇپ، چياڭ قوشۇنلىرىنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ مەغلۇپ قىلدى.

جۇگې لياڭ يەنە ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ،



قوشۇنلىرىنى چىشەن تېغىدىكى چوڭ بارگاھقا چېكىندۇردى، ساۋ جېن قوشۇنلىرى ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ ئۇنىڭغا قوغلاپ زەربە بەرگىلى كېلىپ پىستىرمىغا ئۇچراپ ئېغىر چىقىم تارتىپ بارگاھىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا ئاستانىدىن ياردەم سورىدى. ۋېي پادىشاھى ساۋ رۇي ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى، خەلپەت بەگ جوڭ يۇ پۈتكۈل جەمەتىنىڭ ھاياتىنى كېپىللىككە قويۇپ، سىما يىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ساۋ رۇي شۇندىلا بىر تەرەپتىن ئۆزى لەشكەر تارتىپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىما يىنى قوبۇلغا چاقىرتتى.

لى يەننىڭ ئوغلى لى فېڭ بەيدى شەھىرىدىن جۇگې لياڭغا مەكتۇپ يوللاپ، مېڭ دانىڭ ئەينى چاغدا ۋېي خاندانلىقىغا نائىلاج ئەل بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە لوياڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا لەشكەر تارتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇنى چاڭئەننى ئىشغال قىلغاچ تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.

جۇگې لياڭ مەكتۇپنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت بىرەيلەن كېلىپ ساۋ رۇينىڭ سىما يىنى قايتىدىن ئىشقا قويغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. جۇگې لياڭ مېڭ دانىڭ سىما يى قولىدا مەغلۇپ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، مېڭ دانى ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مېڭ دا ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئەسلا قۇلاق سالمىدى.

مېڭ دا سىما يىنىڭ چاڭئەن شەھىرىگە كەتكەنلىكى خۇسۇسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ چىنپۇتۇپ ئىش باشلاشقا ھازىرلىنىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە سىما يى يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈردى.

جۇگې لياڭ سىما يىنىڭ نۆۋەتتە جەزمەن جيېتىڭغا تېگىش قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ما سۇ بىلەن ۋاڭ پىڭنى جيېتىڭغا ئەۋەتتى. ئىككىسى جيېتىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ما سۇ بىر يېگانە تاغنىڭ ئۈستىگە بارگاھ قۇردى، ۋاڭ پىڭ بۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالنى كۆرۈپ، نائىلاج لەشكەرلىرىنى ئېلىپ باشقا بىر جايدا ئۆز ئالدىغا لەشكەرگاھ قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

سىما يى ما سۇنىڭ تاغ ئۈستىگە بارگاھ قۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، لەشكەرلىرىگە بېرىپ ئۇنىڭ سۇ يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شۇ قوشۇنلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، سىما يى جىيتىڭنى ئىشغال قىلدى.

جۇگې لياڭ ما سۇنىڭ تاغ ئۈستىگە بارگاھ قۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، سانغۇنلىرىغا چېكىنىشكە ھازىرلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزى بەش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ شىچېڭ شەھىرىدىن ئاشلىق توشۇپ كېلىشكە ئاتلاندى. ئۇ ئەمدىلا شىچېڭ شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇشىغا ئايغاقچى سىما يىنىڭ 15 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇل شىچېڭ شەھىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. جۇگې لياڭ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ:

— توغ ـ ئەلەملەرنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇلسۇن، شەھەرنىڭ قوۋۇقلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلسۇن، لەشكەرلەر پۇقراچە ياسىنىپ كوچىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چاچسۇن، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئۈنلۈك گەپ قىلغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! ــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

سىما يى شەھەر سېپىلى تۈۋىگە كېلىپ جۇگې لياڭنىڭ يېنىدا ئىككى بالىنىڭ كۈجە كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى، جۇگې لياڭنىڭ سېپىل راۋىقىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ساز چېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ جۇگې لياڭنىڭ ئۆمۈر بويى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىپ كەلگەن ئادەملىكىنى بىلگەچكە، پىستىرمىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆزلۈكىدىن چېكىندى. ئۇ كېيىن شەھەرنىڭ ئەينى چاغدا قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ:

— مەن ئەقىل - پاراسەتتە جوگې لياڭغا يەتمەيدىكەنمەن! — دەپ خورسىندى. جوگې لياڭ خەنجوڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇم - يىغلاپ تۇرۇپ ما سۇنى قەتل قىلدى.

جوگې لياڭ يەنە خانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ۋېي خانىدانلىقىغا لەشكەر تارتىشقا ئىجازەت سورىدى، خان ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن جوگې لياڭ 30 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇل چىنساڭ ئېغىزىغا قاراپ ئاتلاندى.

بۇ خەۋەر لوياڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ساۋ رۇي ساۋ جېننى ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

چېنساڭ ئېغىزىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە مۇداپىئەنى چىڭىتىۋەتكەن بولغاچقا، شۇ قوشۇنلىرى يىگىرمە نەچچە كۈنگىچە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئۇ يەرنى ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن جوگې لياڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىشەن ئېغىزغا قاراپ ئاتلاندى، جياڭ ۋېي ساۋ جېنغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ، جوگې لياڭنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشكە ھەمدەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەرۋەقە، ساۋ جېن جوگې لياڭنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئېغىر زىيان تارتتى. ساۋ رۇي دەرھال سىما يىنى كېڭەشكە چاقىردى.

— شۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى چېنساڭ ئېغىزىنى ئالالمىسا ئاشلىقلىرىنى توشۇيالماي قالىدۇ. بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالسىلا ياۋ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىدۇ، — دېدى سىما يى.

دېگەندەك، ساۋ جېن جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن سۇن لى:

— مەن چىشەن تەرەپكە بېرىپ ئاشلىق يۆتكىگەن بولۇپ، ھارۋىلارغا قۇرۇق ئوتۇن، گۈڭگۈرتلەرنى بېسىپ ماڭاي، شۇ قوشۇنلىرى «ئاشلىقلار»نى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى كەلگەندە ھارۋىلارغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئاندىن قورشاپ ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرەيلى، شۇنداق قىلساق نۇسرەت قازىنىشىمىزدا گەپ يوق، —

www.uygurkitap.com

دەپ تەدبىر كۆرسەتتى. ساۋ جېن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

جۇگې لياڭ ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ مىڭدىن كۆپرەك ھارۋىغا ئاشلىق بېسىپ چىشەن تېغىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ ما دەينى بېرىپ ئاشلىق ھارۋىلىرىغا ئوت قويۇشقا؛ ما جوڭ، جاڭ يىلارنى پىستىرما قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇشقا؛ ۋۇ بەن، ۋۇ يىلارنى بارگاھنى تالان - تاراج قىلىشقا كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىشقا؛ گۇەن شىڭ، جاڭ باۋلارنى ياۋنىڭ بارگاھىغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە ۋېي قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ساۋ جېن بارگاھقا قايتىپ كېلىپ قايتا جەڭگە چىقمىدى.

جۇگې لياڭ ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاشلىقى تۈگەپ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ۋېي يەنە بىر تەدبىر كۆرسەتكەندىن كېيىن لەشكەرلىرىگە بارگاھنى سۆكۈپ چېكىنىشكە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇ چاغدا بىر ئايغاقچى كېلىپ ساۋ جېنغا شۇ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ساۋ جېن بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ جەڭگە چىقماي تۇرۇۋېلىپ، ياۋنى يوقىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى.

ۋېي يەن جۇگې لياڭنىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە بارگاھلىرىنى سۆكۈپ خەنجوڭغا قايتتى. ساۋ جېننىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ۋاڭ شۇاڭ بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ دەرھال ئارقىسىدىن قوغلىدى، ئۇ ۋېي يەنگە يېتىشۋالاي دېگەندە ئۇشتۇمتۇت ئايغاقچى كېلىپ شەھەر سىرتىدىكى بارگاھقا ئوت كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ۋاڭ شۇاڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغان پەيتتە ۋېي يەن يېتىپ كېلىپ ئۇنى قىلىچ بىلەن بىرلا چېپىپ جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويدى.

# جۇگې لياڭنىڭ ئالتىنچى قېتىم چىشەندىن چىققاندا ۋاپات بولغانلىقى

سۈن چۈەن تەختكە چىققاندىن كېيىن خۇاڭۋۇنىڭ 8 ـ يىلىنى خۇاڭلوڭنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتتى، ئوغلى سۈن دېڭنى ۋەلىئەھدلىككە تىكلىدى.

سۈن چۈەن ئەلەمدار ـ قەلەمدارلىرى بىلەن ۋېي خاندانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا كېڭەشتى. جاڭ جاۋ شۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ ۋېي بەگلىكىنى يوقىتىش تەكلىپىنى بەردى.

لىۇ شەن ۋۇ بەگلىكىنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن جۇگې لياڭنى چاقىرتىپ مەسلىھەت سورىدى.

— مول سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ شەرقىي ۋۇ



بەگلىكىنى قۇتلۇقلايلى. سۇن چۇەنگە لۇ شۇننى ۋېي بەگلىكىگە جازا يۈرۈشكە ئەۋەتىش تەكلىپىنى بېرەيلى، لۇ شۇن ھەرىكەتكە كەلگەن ھامان ۋېي بەگلىكىنىڭ خانى چوقۇم سىما يىنى ياۋغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، ئۇ چاغدا كەمىنىلىرى يەنە چىشەندىن چىقىپ چاڭئەنگە تېگىش قىلالايمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

سۇن چۇەن شۇ بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى ئەكەلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن لۇ شۇننى كېڭەشكە چاقىردى.

— بۇ جۇگې لياڭنىڭ سىما يىدىن قورقۇپ ئويلاپ تاپقان ھىيلىسى، ئەمما شۇنداقتىمۇ كۆنمەي بولماس. بىز يالغاندىن لەشكەر تارتىپ چىققاندەك، ئۇلارغا ماسلاشقاندەك بولۇۋالايلى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئوتتۇرا ئىقلىمنى ئالايلى، — دېدى لۇ شۇن.

ئەلقىسسە، جۇگې لياڭ چېنساڭنى ساقلاۋاتقان سەركەردە خاۋ جاۋنىڭ كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۇەن شىڭ، جاڭ باۋلارنى باشلاپ بېرىپ چېنساڭنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا يەنە سەنگۇەن قورۇلى، جيەنۋېينى ئالدى-دە، بۈيۈك قوشۇننى باشلاپ يەنە چىشەن تېغىدىن چىقتى.

ساۋ رۇي سىما يىنى باش تۇتۇقلۇققا تەيىنلەپ قوشۇن باشلاپ چاڭئەنگە كەلدى. سىما يى جاڭ خېنى بارگاھنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ جۇگې لياڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، جەڭگە چىقماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. جۇگې لياڭ بىر تەدبىر ئويلاپ چىقىپ، 15 كۈندە بىر قېتىم ئەتەي لەشكەر چېكىندۈردى، ئۇ ئۈچىنچى قېتىم لەشكەر چېكىندۈرگەندە جاڭ خې جەڭگە چىقىشقا تەرەددۇتلاندى، سىما يى نائىلاج جاڭ خې، دەي لىڭلارنى تۇرشاۋۇل قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆزى كەينىدىن ھەمدەمگە بارماقچى بولدى. جۇگې لياڭ ياۋغا پىستىرما قۇرۇپ زەربە بېرىشكە سەركەردە ئەۋەتتى. گۇەن شىڭ قاتارلىق سانغۇنلار جاڭ خې، دەي لىڭلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقاندا سىما يى قوشۇن باشلاپ ھەمدەمگە كېلىپ قالدى. شۇ قوشۇنلىرى بولالماي قالغاندا ئايغاقچى كېلىپ ۋېي قوشۇنلىرى بارگاھىنىڭ تالان-تاراج

قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋېي قوشۇنلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، شۇ قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى.

جۇگې لياڭ يەنە جەڭ قىلاي دەپ تۇرغاندا چېگدۇدىن ئايغاقچى كېلىپ جاڭ باۋنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ، قان سەپرا بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ شۇ ياتقانچە تۇرالماي، قوشۇننى خۇپىيانە چېكىندۇردى. سىما يىمۇ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

جيەنشىڭنىڭ 8 - يىلى 7 - ئاي باش كۈز، ساۋ جېن كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ شۇ بەگلىكگە جازا يۈرۈش قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. خان ئىجازەت بەردى.

ساۋ جېن چېنساڭغا كېلىپ بارگاھ قۇردى، بىر ئايغىچە توختىماي قارا يامغۇر ياغقاچقا، سىما يى بىلەن ئىككىسى نائىلاج قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. سىما يى شۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى جىلغىدىن چىقىپ كېلىپ چىشەننى تارتىۋېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ساۋ جېن چىنپۇتمىدى.

ئۇلار كۈتۈپ يەتتىنچى كۈنىمۇ شۇ قوشۇنلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ جېن ئۆزىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. ئويلىمىغان يەردىن شۇ كۈنى كېچىسى شۇ قوشۇنلىرى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارا قوشۇنىغا بىۋاستە تېگىش قىلدى، تەلىيىگە يارىشا سىما يى ھەمدەمگە كېلىپ ئۇنى خېيىم - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ساۋ جېن شۇ ئاچچىقىدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

جۇگې لياڭ زەپەر قۇچۇپ يەنە چىشەندىن چىقتى. ئۇ ساۋ جېننىڭ بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ساۋ جېن مەكتۇپتە «ۋېي قوشۇنلىرىنى ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولدى» دەپ قەيت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئىچ - باغرى قان - زەرداب بولۇپ، شۇ كۈنى كېچىسى بارگاھتا ئۆلدى. ۋېي پادشاھى سىما يىنىڭ جەڭگە چىقىشى خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈردى، سىما يى بۈيۈك قوشۇننى

www.uyghurkitap.com

باشلاپ كەلگەندە جۇگې لياڭ بىر كىچىك تەختىراۋاندا
ئولتۇراتتى. ئىككىسى پۇتۇشۇپ، ئالدى بىلەن سەپ تۈزۈش
ئۇسۇلى توغرىسىدا سىناشماق بولۇشتى. جۇگې لياڭ ئالدىنئالا
تەييارلاپ قويۇلغان رەسىملىك تەقلىدىي جەڭ مەيدانىنى ئوتتۇرىغا
چىقىرىپ، ئالدىنقى سەپكە بېسىپ كىرگەن دەي لىڭ، جاڭ خې،
يۆ چېن قاتارلىقلارنى تۇتقۇن قىلدى، سىما يى باستۇرۇپ كەلدى.

شۇ بەگلىكىنىڭ خانى ليۇ شەن بوھتانغا ئىشىنىپ، جۇگې
لياڭنى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىشكە
دەۋەت قىلدى. جۇگې لياڭ لەشكەرلەرنى قىسقارتىپ، ئوچاقلارنى
كۆپەيتىش ئۇسۇلىنى تەتبىقلاپ سىما يىنىڭ كۆزىنى بويىدى،
سىما يى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خورسىندى -
دە، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. جيەنشىڭنىڭ 9 - يىلى
باھاردا جۇگې لياڭ ۋېي خاندانلىقىغا يەنە بىر قېتىم جازا
يۈرۈشى قىلدى. سىما يى خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن ياۋغا قارشى
قوشۇن تارتىپ چىقتى، ئۇ جاڭ خېنى چىشەنگە بارگاھ قۇرۇپ،
شۇ قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى گو خۇەي بىلەن
بىللە تيەنشۇينىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جۇگې لياڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ۋېي قوشۇنلىرىنى
قايمۇقتۇردى، سىما يى شاڭگۇيغا بېرىپ قوۋۇقنى مەھكەم تاقاپ
جەڭگە چىققىلى ئۇنىمىدى. جۇگې لياڭ ئادەملىرىگە پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ لوڭشاڭدىكى بۇغدايلارنى ئوروپ، لوڭچېڭغا توشۇپ
كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، سىما يى شۇ قوشۇنلىرىنىڭ
لوڭچېڭغا بۇغداي توشۇۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، قوشۇن تارتىپ
ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتتى. جۇگې لياڭنىڭ بۇنىڭغا قارىتا
ئالدىنئالا تەييارلىقى بولغاچقا، سىما يى زور مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدى. سىما يى يوڭ، لياڭ قاتارلىق ئىككى جايدىكى
لەشكەرلەرنى يۆتكەپ كەلدى، جۇگې لياڭنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى
ئۇلارنىمۇ چېكىندۈردى. ئۇشتۇمتۇت لى يەن كېلىپ، شەرقىي ۋۇ
بەگلىكى بىلەن ۋېي خاندانلىقىنىڭ ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى، ۋۇ
بەگلىكىنىڭ شۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا

ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇگې لياڭ قوشۇنلىرىغا شۇ بەگلىكنىگە قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

سىما يى شۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆزى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. دەرۋەقە، لەشكەرلەر كېتىپ، شەھەر قۇرۇقدىلىنىپ قالغانىدى. جاڭ خې بۇيرۇققا بىنائەن چېكىنگەن لەشكەرلەرنى قوغلاپ يولغا چىقتى ۋە ئۇلارنى تاكى مۇداۋ قوۋۇقىغىچە قوغلاپ كەلدى. ئۇشتۇمتۇت تاغ ئۈستىدىن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ چوڭ ـ چوڭ تاش پارچىلىرى دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا يا ئوقلىرى يامغۇردەك ئېتىلىشقا باشلىدى، جاڭ خې ۋە 100 نەچچە قالدۇق لەشكەرنىڭ ھەممىسى يا ئوقى تېگىپ ئۆلدى.

جۇگې لياڭ خەنجوڭغا قايتىپ كېلىپ لى يەننىڭ ئاشلىقلارنى ۋاقتىدا يىغىپ بولالماي، ۋۇ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلماقچىكەن، دەپ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشلىقلارنى جۇغلاپ، قوشۇنلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ چىشەندىن چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

جيەنشىڭنىڭ 12 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇگې لياڭ چىشەندىن ئالتىنچى قېتىم چىقىشتا چىك تۇرۇۋالدى. بىراق، قوشۇن تېخى ھەرىكەتكە كەلمەي تۇرۇپلا، گۇەن يۈنىڭ ئوغلى گۇەن شىڭ بىتاپ بولۇپ ئۆلدى.

جۇگې لياڭ قوشۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېيىيۈەن (شىمالىي ئېقلىم)نى ئوچۇق ـ ئاشكارا، ۋېيبىننى خۇپىيانە ئىشغال قىلماقچى بولدى، بىراق كۇتۇلمىگەندە ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى سىما يى سېزىپ قالغاچقا، جەڭدە شۇ بەگلىكنىگە بىر تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەر زىيان بولدى. جۇگې لياڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ زىيان تارتىپ كەتكىنىگە تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا ئايغاقچى كىرىپ فېي يىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. جۇگې لياڭ ئۇنى شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ سۈن چۈەن بىلەن ئوتتۇرا ئېقلىم (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك)نى ئورتاق ئىشغال قىلىش خۇسۇسىدا

ئەھدىنامە تۈزۈپ كېلىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. سۇن چۈەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ چىقىشقا ماقۇل بولدى.

سىما يى ساختا ئەل بولۇپ ئەلچى ئەۋەتتى، جۇگې لياڭ بۇنى سېزىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ۋېي قوشۇنلىرى ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى. جۇگې لياڭ لەشكەرلەرگە ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن ياغاچ كالا، ياغاچ ئات ياساپ چىقىشقا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. سىما يى جۇگې لياڭ ياساتقان ياغاچ ئات، ياغاچ كالىنىڭ ئوت ـ چۆپ، سۇ يېمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچىنى بۇلاپ كەلدى ـ دە، لەشكەرلىرىگە شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ياساپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ۋېي قوشۇنلىرى ياغاچ ئات، ياغاچ كالىلار بىلەن ئاشلىق توشۇشقا باشلىغاندا جۇگې لياڭ لەشكەرلىرىنى جىن ـ شەيتانلاردەك ياساندۇرۇپ ئاشلىق توشۇۋاتقان ۋېي قوشۇنلىرىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىپ، نۇرغۇن ئاشلىق، يەم ـ خەشەكنى بۇلاپ كەتتى. سىما يى بۇلانغان ئاشلىقنى قايتۇرۇۋالماق بولۇپ لەشكەر تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما پىستىرمىغا ئۇچراپ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى ۋە يەككە ـ يېگانە ھالدا چوڭ بارگاھقا قېچىپ كېلىۋالدى. ئۇشتۇمتۇت خاننىڭ ئەلچىسى كېلىپ شەرقىي ۋۇ بەگلىكنىڭ ۋېي خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا لەشكەر تارتىپ بولغانلىقىنى، خاننىڭ ئۇنى جەڭگە چىقماي، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

سىما يى شۇنىڭ بىلەن بارگاھتىن چىقماي تۇرۇۋالدى، جۇگې لياڭ ئۇنى ئۇۋىسىدىن چىقارماق بولۇپ، گاۋ شياڭغا ئۈستۈن تەرەپتىكى جىلغىدىن ئاشلىق يۆتكەپ مېڭىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. سىما يى بارگاھتىن چىقىپ ئۇشتۇمتۇت زەربە بەرگىلى كەلدى، جۇگې لياڭ ئۇنى جىلغىدا مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئوت بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن خەتەرلىك پەيتتە بىردىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ، سىما يى ئاتا ـ بالا ئۈچى قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بېكىنىۋېلىپ زادىلا جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالدى.

فىي يى جۇگې لياڭغا ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇن چىكىندۇرگەنلىكىنى ئېيتتى. جۇگې لياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزۈنغىچە ئۇھ تارتقاندىن كېيىن هوشسىزلىنىپ يىقىلدى. ئۇ شۇ كۈنى كېچىسى يۇلتۇزلارغا بېقىپ، ئۆزىنىڭ رىزقىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى قەيت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېدىر ئىچىگە يەتتە دانە چوڭ شام، 49 دانە كىچىك شام يېقىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئاندىن جياڭ ۋېينى چاقىرىپ:

— مەن بارگاھتا تۇرۇپ ئاسمان هادىسىلىرىنى كۆزىتىپ باقاي، ئەگەر يەتتە كۈندە خوجا شام ئۆچمىسە ئۆمرۈم يەنە 12 يىل ئۇزىرايدۇ، ئەگەر ئۆچۈپ قالسا ئۆمرۈم ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بىكارچىلارنىڭ هەرقاندىقىنى بارگاھقا كىرگۈزمەڭ، لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى غۇلامدىن كىرگۈزۈپ بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

ئالتىنچى كۈنى جۇگې لياڭ شامنىڭ پاللىداپ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇرسەن بولدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ۋېي يەن ئۇشتۇمتۇت قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغىلى كىرىپ كەلدى، كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ بىلەنلا كىرگەن شامال شامنى ئۆچۈرۈۋەتتى. جۇگې لياڭ شۇ كۈنى قان سەپرا بولۇپ تۇرسىمۇ كېسىلىگە پەرۋا قىلماي، ئىشلار بىلەن بەند بولدى، بىر نەچچە بارگاھقا بېرىپ لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئۆزىنى كۈز شاملى بەدىنىگە نەشتەر تەگكەندەك ئۇرۇلۇپ، بەدىنى مۇزلاۋاتقاندەك سېزىپ:

— ئۆلۈش، تۇغۇلۇش تەقدىر - قىسمەتتىن. تاۋاپ - تىلاۋەتتىن پايدا يوق، ئەمدى جەڭگە چىقىپ ئوغرى - قاراقچى، مۇناپىقلارنى يوقىتالمايدىغان بولدۇم! — دەپ ئۇھ تارتتى.

جۇگې لياڭ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ شۇ بەگلىكىنىڭ خانى ليۇ شەنگە ۋەسىيەتنامە قالدۇردى. ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنى — خاننىڭ جاهاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى مۇھىم دەپ بىلىشى لازىملىقى، خاننى كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمەي، نىيەتنى ساپ قىلىپ، ئەل - ئاۋامغا مېهىر - شەپقەت يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىش ئىدى.

www.uyghurkitap.com

جيەنشىڭنىڭ 12 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇگې لياڭ 54 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. جاڭ يى ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە قارىلىق تۇتماي، مېيىتىنى ئويۇقچىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاغزىغا يەتتە تال گۈرۈچ سېلىپ ئاياغ تەرىپىگە بىر دانە چىراغ يېقىپ قويدى. جاڭ ۋېي جۇگې لياڭنىڭ كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ئۆزىگە شۇنداق تاپىلىغانلىقىنى، شۇنداق قىلسا مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، سەردار يۇلتۇزنى تىنچىتىدىغانلىقىنى، سىما يى سەردار يۇلتۇزنىڭ ئېقىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ دەمالىققا ھۇجۇم قىلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بايان ئەيلىدى. جۇگې لياڭنىڭ ئېيتقانلىرى تامام بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ياڭ يىنى ئارقىدىن مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ھەرقايسى بارگاھلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشىگە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

سىما يى كېچىسى يۇلتۇزلارغا باققاندىن كېيىن «جۇگې لياڭنى ئۆلدى» دەپ قاراپ لەشكەرلەرگە شۇ قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا تېگىش قىلىش خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئارقىدىنلا يەنە تۇزاققا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شيا خۇباۋنى ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.



ۋېي يەن بېشىغا مۈڭگۈز چىقىپ چۈش كۆرگەچكە، ياڭ يىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنى ئورۇن بوشىتىشقا قىستىدى. ياڭ يى نائىلاج

جياڭ ۋېينى چېكىنگەن قوشۇننى ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

شيا خۇباۋ كېلىپ شۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئاللىقاچان چېكىنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. سىما يى جۇگې لياڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزم قىلىپ، لەشكەرلەرگە پۈتۈن سەپ بويىچە ياۋنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار قوغلاپ بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت دەرەخ سايىسىنىڭ كەينىدىن شۇ قوشۇنلىرىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغان تۇغى كۆرۈنۈپ، ئارقىدىنلا جۇگې لياڭ بىر كىچىك تەختىراۋانغا ئولتۇرغان ھالەتتە چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان جياڭ ۋېي سىما يىغا قاراپ:

— سەن ۋەزىرىمىزنىڭ تۇزىقىغا چۈشتۈڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

سىما يىنىڭ قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى، ئۇ شۇ قاچقىنىچە 50 چاقىرىم يىراقلىققا بېرىپ ئاندىن توختىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئايغاقچى كېلىپ جۇگې لياڭنىڭ ھەقىقەتەن ۋاپات بولغانلىقىنى، ھېلىقى كۈندىكىسى جۇگې لياڭنىڭ سىياقىدا ياسالغان ياغاچ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھىماتچىلىققا پەقەت جياڭ ۋېينىڭ 1000 لەشكەر بىلەن قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تارقىلىپ كېتىپ، ئەل ئارىسىدا: «ئۆلۈك جۇگې لياڭمۇ تىرىك سىما يىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتەلەيدۇ» دېگەن تەمسىل پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، شۇ بەگلىكنىڭ خانى ليۇ شەن ۋەزىر ئەزەم جۇگې لياڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— مېنى تەڭرى ئۇرۇپتۇ، — دەپ ئاھۇنادامەتلەر چېكىپ، شاھانە كارىۋاتقا يىقىلدى. شۇ ئەسنادا خەۋەرچى ۋېي يەن بىلەن ياڭ يىنىڭ بىر - بىرىنى ئىسيان كۆتۈردى، دەپ ئەرز قىلىپ يوللىغان مەلۇماتىنى ئەكەلدى. خان فېي يى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ھەقىقى ئىسيان كۆتۈرگۈچىنىڭ ۋېي يەن ئىكەنلىكىنى بىلدى.

www.uyghurkitap.com

ياڭ يى بىلەن ۋېي يەن نەنجىڭدا روبىرو بولۇشۇپ جەڭگە چۈشۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ياڭ يى جۇگې لياڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قالدۇرۇپ كەتكەن كىمخاب خالتىنى ئاچتى ـ دە، ۋېي يەنگە قاراپ:

ــ ۋەزىر جانابلىرى ھايات ۋاقتىدا سىنىڭ كېيىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىڭنى بىلىپ ماڭا ئاگاھ بولۇشنى ئېيتقانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئېيتقىنى كەلدى، سەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ «كىم مېنى ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالايدۇ؟» دەپ ئۇدا ئۈچ مەرتەم توۋلىيالىساڭ ھەقىقىي ئەركەك بولالايسەن، مەنمۇ خەنجۇڭ شەھىرىنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن، ــ دېدى. ۋېي يەن كۈلۈپ:

ــ جۇگې لياڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن بىر ئاز تارتاتتىم، ئۇ ئەمدى ئۆلدى، ئۈچ مەرتەم ئەمەس، ئۈچ تۈمەن مەرتەم توۋلىساممۇ نېمە كارايىتى بار؟ ــ دېدى ـ دە، «كىم مېنى ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالايدۇ؟» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ ئۈنى تېخى ئۆچمەي تۇرۇپلا، ئارقىسىدا تۇرغان ما دەي «مانا مەن پېتىنالايمەن» دەپ قىلىچ بىلەن بىرلا چېپىپ ئۇنى ئات ئۈستىدىن دومىلاتتى.

جۇگې لياڭنىڭ تاۋۇتى چېڭدۇغا يېتىپ كەلگەندە پادىشاھ ليۇ شەن قارىلىق باغلىغان ئوردا ئەھلىنى باشلاپ 20 چاقىرىم يەرگىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

ليۇ شەن شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ زوڭ يۈنى ئۇلارغا ماتەم خەۋىرىنى يەتكۈزگەچ ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. سۇن چۈەنمۇ شۇ بەگلىككە پەتىگە ئەلچى ماڭدۇردى.

# كونىلارنىڭ ئورنىغا ئالماشقان بىر ئەۋلاد يېڭى دەۋر كىشىلىرى

جۇگې لياڭ ۋاپات بولۇپ خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ ھېچقايسىسى لەشكەر تارتىپ چىقمىدى. ۋېي خاندانلىقىنىڭ شاھى ساۋ رۇي بۇ مەزگىلدە ھە دەپ قۇرۇلۇش



قىلىپ، ئاۋام ـ پۇقرا ۋە بەگ ـ سىپاھسالارغا ھاشار سېلىقى
سېلىپ، ئۇلارنى ياغاچ ـ تاش، توپا توشۇغۇزۇپ ھالىنى
قويمىغاچقا، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدى.

ساۋ رۇي قېرىماسلىق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىدە
چاڭئەندىكى مىس ئادەم ھەيكىلى بىلەن مىس تۇۋرۇكىنى يۆتكەپ
كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت شىددەتلىك بوران
چىقىپ مىس تۇۋرۇك ئۆرۈلۈپ چۈشتى، مىڭدىن كۆپرەك ئادەم
ئۇنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ ئۆلدى.

ساۋ رۇي ھەر كۈنى دېگۈدەك توقال بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتتە
بولدى، ماۋ خانىش بۇنىڭدىن سەل ـ پەل نارازى بولۇۋىدى، ساۋ
رۇي ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى.

بۇ چاغدا لياۋدوڭنىڭ ۋالىيسى گوڭ سۇنيۈەننىڭ ئىسيان
كۆتۈرگەنلىكى خۇسۇسىدا مەلۇمات كەلدى. سىما يى پەرمانغا
بىنائەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ گوڭ سۇنيۈەننى مەغلۇپ قىلدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ساۋ رۇي بىتاپ بولۇپ ئۆلدى.



ساۋ رۇي ئۆلگەندىن كېيىن ساۋ فاڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. باش سانغۇن ساۋ شۇاڭ سىما يىنى ئىززەتلەپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. كېيىنچە يالاقچى خې يەننىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن بارا - بارا ھاكىممۇتلەق بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سىما يى بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆيىدىن چىقماي يېتىۋالدى.

سىما يى ئىككى ئوغلى بىلەن يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، ساۋ شۇاڭنىڭ خان بىلەن بىللە ئاستانىدىن چىقىپ شىكارغا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇرۇن قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەرنى يىغىپ، بىر تەرەپتىن ساۋ شۇاڭنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ خانغا مەلۇمات يوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن قوۋۇقنى مەھكەم تاقاپ ساۋ شۇاڭنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. سىما يىنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى كېلىپ ساۋ شۇاڭغا سىما يىنىڭ باشقا غەرىزى يوقلۇقىنى، ئەگەر لەشكىرىي ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرسىلا، ئۇنىڭ مويىغىمۇ چېقىلمايدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ شۇاڭ بۇ گەپكە ئىشىنىپ ئاستانىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سىما يى ساۋ شۇاڭنىڭ ئاسىيلىق جىنايى پاكىتلىرىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنى ئاستانە قوۋۇقىدا قەتل قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈچ ئەۋلادىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىما يى ئاتا - بالا ئۈچەيلەن ئەلنى ئورتاق ئىدارە قىلىپ، ۋېي خانىدانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقدارلىرىغا ئايلاندى.

شيا خۇباۋ جىيەنى شيا خۇشۇەنگە سىما يىنىڭ زىيانكەشلىك قىلماقچى ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ گو خۇەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ بەگلىكىگە بېرىپ ليۇ شەنگە ئەل بولدى.

جياڭ ۋېي شيا خۇباۋدىن ۋېي خانىدانلىقىنىڭ ئىشلىرىنى سورىدى، شيا خۇباۋ ۋېي خانىدانلىقىنىڭ جوڭ خۇي، دېڭ ئەيدىن

ئىبارەت ئىككى سانغۇنى بارلىقىنى، بۇلارنىڭ كەلگۈسىدە شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن شۇ بەگلىكىنىڭ بېشىغا بالا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. جياڭ ۋېي بۇ گەپكە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئۇ پادىشاھ ليۇ شەننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ۋېي خانىدانلىقىدا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئىقلىمنى ئىشغال قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. خان ئىجازەت بەردى. جياڭ ۋېي بىر تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتىپ چياڭلار (چياڭلار — چانلارمۇ دېيىلىدۇ، قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياشىغان بىر مىللەت) بىلەن ئالاقىلىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن گۇ ئەن، لى شىنلارنى چۇشەن تېغى باغرىغا ئىككى شەھەر بىنا قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۆزى ئىش پۈتكەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقماقچى بولدى.

گو خۇەي لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ئىككى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شەھەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. جياڭ ۋېي شەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما پىستىرمىغا ئۇچرىدى. ئۇزاق ئۆتمەي شەھەردىكىلەر چىقىپ ۋېي قوشۇنلىرىغا ئەل بولۇپ، شەھەرنى تەقدىم قىلدى.

بۇ چاغدا سىما يىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى. شەرقىي ۋۇ بەگلىكىدىكى لۇ شۈن، جۇگې جىنلارمۇ كەينى ــ كەينىدىن ۋاپات بولدى. جۇگې جىننىڭ ئوغلى جۇگې كې ۋەزىر بولۇپ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن سۈن چۈەنمۇ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى سۈن لياڭ ۋارىسلىق قىلىپ، يىلنامىنى جيەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتتى.

www.uyghurkitap.com

# جىن دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى

سىما ئۇرۇقىدىن بولغان ئاكا ـ ئۇكىلار ھاكىممۇتلەق بولۇۋالغاندىن كېيىن ۋېي پادىشاھى ساۋ فاڭ ئۇلارنى يوقىتىش خۇسۇسىدا قېنى بىلەن يارلىق پۈتۈپ، شيا خۇباۋغا ئەلچىدىن ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولدى، كۈتۈلمىگەندە بۇ ئىش پاش بولۇپ



www.uyghurkitap.com

قېلىپ سىما شى ئىسيانىنى باستۇرۇپ، ساۋ ماۋنى خان قىلىپ تىكلىدى. ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇق بېگى ۋۇ چيۇجيەن بىلەن ئايماقبېگى ۋېن چىن قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ جار يۇرۇشقا چىقىۋىدى، سىما شى ئۇلارنىمۇ تىنچىتتى. سىما شى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئاستانە شۈچاڭغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىتاپ بولۇپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق چوڭ ھوقۇقنى سىما جاۋ ئىلكىگە ئالدى.

سىما جاۋ ساۋ ماۋنى ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا ساۋ خۇەننى خان قىلىپ تىكلىدى، يىلنامە جىڭيۇەننىڭ بىرىنچى يىلىغا ئۆزگەرتىلدى. جياڭ ۋېي بىر تەرەپتىن شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ ۋېي پادىشاھلىقىغا لەشكەر تارتىش خۇسۇسىدا ئەھدىنامە تۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىما جاۋنى خاننى ئۆلتۈرگەن جىنايىتى ئۈچۈن جازاغا تارتىش مەقسىتىدە قوشۇن تارتتى. يول ئۈستىدە ۋېي قوشۇنىنىڭ سانغۇنى ۋاڭ گۇەن ئۇلارغا ساختا ئەل بولدى. جياڭ ۋېي ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئۇنى شۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىق توشۇشىغا ھەمدەم بولۇشقا بۇيرۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جياڭ ۋېينىڭ قول ئاستىدىكى بىرەيلەن ۋاڭ گۇەننىڭ ۋېي قوشۇنىنىڭ سانغۇنى دېڭ ئەيگە يوللىغان مەكتۇپىنى ئەكەلدى. جياڭ ۋېي مەكتۇپتىن دېڭ ئەينىڭ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نۇرغۇن تەمىنات ئاشلىقىنى ئېلىپ ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ۋاقىتنى ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن مەكتۇپنى چاندۇرماي دېڭ ئەيگە ئەلچىدىن يەتكۈزۈپ بەردى. دېڭ ئەي مەكتۇپتە پۈتۈلگەن ۋاقىت - سائەتتە ھەمدەمگە كېلىشكە شۇ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ۋاڭ گۇەن ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاسما يولنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ خەنجوڭغا ھۇجۇمغا ئاتلاندى. جياڭ ۋېي خەنجوڭنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قوشۇننى ئارقىغا ياندۇرۇپ ۋاڭ گۇەننى قوغلىدى، ۋاڭ گۇەن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. جياڭ ۋېي شيا خۇباۋنى ئۇدۇل تاۋياڭغا قاراپ يۇرۇشكە بۇيرۇپ، ئۆزى ئاسما

يولنى قايتىدىن ياساپ، ۋېي پادىشاھلىقىغا جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى.

شيا خۇباۋ تاۋياڭنىڭ شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، «ۋېي قوشۇنلىرىنى شەھەرنى تاشلاپ قاچقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئەمدىلا شەھەر يېنىغا كېلىشىگە بىردىنلا ئاسما كۆۋرۈك تارتىۋېلىنىپ، سېپىل ئۈستىدىن تاشلار يامغۇردەك چۈشۈشكە باشلىدى. شيا خۇباۋ ۋە 500 لەشكەرگە قالايمىقان ئېتىلغان يا ئوقى تېگىپ ئۆلدى. جياڭ ۋېي جاڭ يىغا چىشەنگە تېگىش قىلىش خۇسۇسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. دېڭ ئەي جاڭ يىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرغىن قىلدى، تەلىيىگە جياڭ ۋېي ھەمدەمگە كېلىپ دېڭ ئەينى چېكىندۇردى.

جياڭ ۋېي خۇاڭ خاۋنىڭ چېقىمچىلىقىنىڭ كاساپىتىگە كەتكەچكە، بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋاقتىنچە دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سىما جاۋ جياڭ ۋېينىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، جوڭ خۇي، دېڭ ئەيلەرگە شۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. دېڭ ئەي ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەكتە يوق، ئەكسىچە چوڭ كېمە ياسىتىشقا تۇتۇندى. شۇنىڭ بىلەن سىما جاۋ ئۇنىڭدىن خۇدۇكسىرەپ قالدى. جياڭ ۋېي بۇ ئىشلاردىن ۋاقىپلىنىپ، كېچىلەپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ياۋنى تارمار قىلىشقا ھازىرلىنىشنى ئىلتىجا قىلدى.

جوڭ خۇي بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە نەنجېڭ قورۇلىنى ئالدى، كېيىن قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر قوشۇننىڭ لېچېڭغا، يەنە بىر قوشۇننىڭ خەنچېڭغا ھۇجۇم قىلىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ياڭئەن قورۇلىغا ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ياڭئەن قورۇلىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە جياڭ شۇ دەسلىپىدە جەڭگە چىقىشقا پېتىنالمىدى، كېيىن ئەل بولۇپ، قورۇلىنى تاپشۇرۇپ بەردى. جياڭ ۋېي ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال لياۋ خۇانى ھەمدەمگە چاقىردى،

ئۇلار ئەمدىلا بىر جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ تۇرۇشىغا، ئارقىدىنلا يەنە دېڭ ئەينىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچرىدى، جياڭ ۋېي جان تىكىپ جەڭ قىلىپ ئاران دېگەندە قېچىپ قۇتۇلدى. يوغجۇنىڭ ئايماقبېگى جۇگې شۇ ئۇنىڭ قايتىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. جياڭ ۋېي ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىپ كەتتى ۋە جيەنگې راۋىقىدا جۇگې شۇنى مەغلۇپ قىلدى.

جوڭ خۇي جۇگې شۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىۋىدى، سەركەردىلەر ئۇنىڭ دېڭ ئەينىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ، جوڭ خۇينى ئالدىراقسانلىق قىلماسلىققا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن جوڭ خۇي ئۇنى مەھبۇسلار ھارۋىسىغا سېلىپ، بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن لوياڭغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ئىش تۈپەيلى دېڭ ئەي بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت شەكىللەندى.

دېڭ ئەي جوڭ خۇي بىلەن تۆھپە تالاشماقچى بولۇپ چىغىر



يولچە بىرىپ چېگدۇغا تېگىش قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ مۇتيەن داۋىنىدىن ئۆتكەندە يول بويىدا جۇگې لياڭ ھايات چېغىدا تىكلەپ قويغان بىر تاش ئابىدىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئابىدىدە بۇگۇنكى ئىشلاردىن بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، جۇگې لياڭنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىن كۆرەر زات ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر قايىل بولدى.

دېڭ ئەي ئۇيلىمىغان يەردىن چىقىپ كېيىنى - كەينىدىن جياڭيۇ بىلەن فۇچېڭنى ئېلىپ، ئاندىن ئۇدۇل مىيەنجۇغا تېگىش قىلىشقا ئاتلاندى. شۇ پادىشاھى دەرھال جۇگې لياڭنىڭ ئوغلى جۇگې جيەننى ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

دېڭ جوڭ، شى زۇەنلەرمۇ جەڭ ئېلان قىلدى. جۇگې جيەن «خەن ۋەزىرى جۇگې لياڭ...» دېگەن خەتلەر كەشتىلەنگەن تۇغلارنى لەپىلدىتىپ، يەنە جۇگې لياڭنىڭ ياغاچ ھەيكىلىنى ھارۋىغا سېلىپ جەڭگە چىقتى، دېڭ جوڭ، شى زۇەنلەر بۇنى كۆرۈپ قورقىنىدىن قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ بەدەر قاچتى. جۇگې جيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياۋنى قىرغىن قىلدى، گەرچە ئۇ ئىككى قېتىملىق جەڭدە نۇسرەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى جەھەتتە ئاشلىقتىن قىسىلغانلىقى، تاشقى جەھەتتە ھەمدەمچى قوشۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەھەرنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا كىرىپ قىر - چاپ قىلدى ۋە ئوغلى جۇگې شاڭ بىلەن بىرلىكتە جەڭدە قۇربان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىيەنجۇ ناھايىتى تېزلا قولدىن كەتتى.

دېڭ ئەينىڭ قوشۇنلىرى چېگدۇغا يېقىنلاپ قالغاندا شۇ بەگلىكنىڭ خانى ۋەزىر - ۋۇزرالارنى كېڭەشكە چاقىردى، بەزىلەر خانغا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ ياۋ بىلەن جەڭ قىلىش تەكلىپىنى بەردى، بەزىلەر ۋېي خاندانلىقىغا ئەل بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. خان ئەل بولۇش يولىنى تاللىدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ۋەلىئەھد ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن بولۇپ ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ غەربىي قوۋۇقتىن چىقىپ ئون نەچچە چاقىرىم

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا بېرىپ دىڭ ئەيگە ئەل بولدى. جياڭ ۋېي ھەممە ئادەمنىڭ خەن خاندانلىقى ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدى بىلەن ساختا ئەل بولۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى ـ دە، جوڭ خۇيغا ئەل بولدى. ئۇ ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، جوڭ خۇينىڭ ئىستىپداتىغا قايىل بولغاچقا، ئۆزىنىڭ دىڭ ئەيگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئەل بولغانلىقىنى قەيت قىلدى. جوڭ خۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، جياڭ ۋېي بىلەن قول بېرىشىپ، ئاغا ـ ئىنى بولۇشقا قەسەم ئىچىشتى.

دىڭ ئەي سىما جاۋغا شۇ خاننى قويۇپ بەرمەي تەقىبلەش خۇسۇسىدا مەكتۇپ يوللىدى، سىما جاۋ ئەكسىچە لىيۇ شەننى قويۇپ بېرىپ دىڭ ئەينى تەقىبلىدى. ئۇ دىڭ ئەيدىن شۇبھىلىنىپ قالغاچقا، جوڭ خۇيغا ئۇنى خۇپىيانە كۆزىتىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن يەنە ۋېي گۇەننى جوڭ خۇينى يوشۇرۇن پايلاشقا قويدى. جوڭ خۇي بۇ ئىشنى جياڭ ۋېيگە ئېيتتى. جياڭ ۋېي جوگې لياڭ قالدۇرۇپ كەتكەن شىچۇەننىڭ خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ دىڭ ئەي شىچۇەندە ئۆز ئالدىغا بەگلىك تىكلىشى مۇمكىن، ــ دېدى.



جوڭ خۇي ئەسلىدىنلا دىڭ ئەيگە ئۆچ بولغاچقا، سىما جاۋغا مەكتۇپ يوللاپ، دىڭ ئەينىڭ شۇ بەگلىكىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھامان بىر كۈنى ئىسيان كۆتۈرمەي قالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن دىڭ ئەينىڭ




مەلۇمات ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادىمىنى يېرىم يولدا تۇتۇۋېلىپ، دېڭ ئەينىڭ پوچېركىسىنى دوراپ مەلۇماتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ئىبارىلەرنى قوشۇپ قويغاندىن كېيىن سىما جاۋغا ئەۋەتىپ بەردى.

سىما جاۋ دېڭ ئەينىڭ مەلۇماتىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، جوڭ خۈيغا ئادەم ئەۋەتىپ دېڭ ئەينى جايلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. جوڭ خۈي جياڭ ۋېينىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە دېڭ ئەي ئاتا - بالىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. بۇ چاغدا سىما جاۋ چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەنىدى. جوڭ خۈي ئەمدىلىكتە نەيزە ئۇچىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى قىياس قىلىپ، جياڭ ۋېينىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە سانغۇن - سەركەردىلەرنى كېڭەشكە چاقىرىپ، ئۇلارغا مەرھۇمە ۋالىدەخان گو خېنىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا سىما جاۋنىڭ ھامان بىر كۈنى خانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، تەختنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىش خۇسۇسىدا ۋەسىيەت يارلىقى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئېيتتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەمدەم بولۇشىنى ئۆتۈندى.

جوڭ خۈينىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە چيۇ جيەن بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، سىما جاۋنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ ئوردىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، جوڭ خۈي مالىمانچىلىقتا يا ئوقى تېگىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆلدى. جياڭ ۋېيمۇ ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، ئۆزىنى بوغۇزلۇۋالدى.

ۋېي گۇەن ئادەم ئەۋەتىپ دېڭ ئەي ئاتا - بالىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي جيا چوڭ چېڭدۇغا كېلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، ئاۋام - پۇقرانى ئەمىن قىلدى. ليۇ شەننى يالاپ لوياڭغا ئېلىپ ماڭدى. سىما جاۋ ئەسلىدە ليۇ شەننى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، ئەمما بەگ - سىپاھلار نەسىھەت قىلىپ توسۇۋالغاچقا، ئۇنى ئەنلې بېگلىكىگە تەيىنلەپ، خۇاڭ خاۋغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئەتىسى خان ۋەزىر مەھكىمىسىگە كېلىپ سىما جاۋغا تەشەككۈرلەر ئېيتتى. سىما جاۋ زىياپەت ھازىرلاپ خاننى ياخشى كۈتۈۋالدى، يەنە شۇ ئېلىنىڭ كىشىلىرىنى شۇ ئېلىنىڭ كۈي - نەغمىلىرىنى چېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى، بۇنى ئاڭلىغان شۇ پادىشاھلىقىنىڭ سىپاھ - بەگلىرى تارام - تارام ياش تۆكۈشتى، شۇ خانى بولسا ئەلپازىنى بۇزماي ھۇزۇر قىلىپ ئولتۇرۇۋەردى.

سىما جاۋ جىنگوڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شامال دارىپ ئۆلدى. جيا چۇڭ ئۇنىڭ ئوغلى سىما يەننى ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىشقا ئۈندىدى. سىما يەن زۇلپىقار ئېسىپ ئۇدۇل ئوردىغا كىرىپ، ۋېي خاندانلىقىنىڭ خانى ساۋ خۇەننى تەختنى بوشىتىپ بېرىشكە قىستىدى.

ساۋ خۇەن تەختنى ئۆتۈنۈپ بەردى، سىما يەن سۇپىغا چىقىپ تەختنى ئۆتكۈزۈۋالدى، ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - سىپاھلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «خان ئالىيلىرى، ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن يىللار ياشىغايلا!» دەپ تەنتەنە قىلىشتى. سىما يەن ئەلنىڭ نامىنى بۈيۈك جىن پادىشاھلىقىغا، يىلنامىنى تەيشىنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتتى. شۇنداق قىلىپ ۋېي خاندانلىقى زاۋال تاپتى.

شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ خانى سۇن شيۇ «جىن پادىشاھلىقىنىڭ خانى سىما يەننى قاچان قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلەركىن؟» دەپ تولا غەم - ئەندىشە قىلىپ ئاخىر بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۇ بالىچاقىلىرىنىڭ



ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۆز يۇمدى. ئۇزاق ئۆتمەي سۇن چۈەننىڭ نەۋرىسى سۇن خاۋ ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. سۇن خاۋ زالىم ھەم تۆھپە كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ شياڭياڭنى ئىشغال قىلىش غەرىزىدە لۇ شۇننىڭ ئوغلى لۇ كاڭنى جياڭكۇغا بېرىپ بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇدى.


سىما يەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇتۇق بېگى ياڭ خۇنى لەشكەرلەرنى باشلاپ شياڭياڭغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ياڭ خۇ لۇ كاڭنىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتىگە، لۇ كاڭ ياڭ خۇنىڭ پەزىلىتىگە قايىل ئىدى. ياڭ خۇ شەرقىي ۋۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرگۈدەك ماجالى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، جەڭ قىلىش نىيىتىدە بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ چېگرا - پاسىللىرىنى قوغداشتى.

سۇن خاۋ «ياۋ بىلەن تىل بىرىكتۈردى» دېگەن جىنايەت بىلەن لۇ كاڭنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇۋەتتى. ياڭ خۇ لۇ كاڭنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، سىما يەندىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋۇ ئېلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىجازەت سورىدى. سىما

يەن قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ خۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي بىتاپ بولۇپ ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن سىما يەن دۇ يۇنى باش سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، 20 تۇمەندىن كۆپرەك قۇرۇقلۇق ۋە سۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، سان ـ ساناقسىز جەڭ كېمىلىرى بىلەن شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە جازا يۇرۇشىگە ئاتلاندى.

جىن قوشۇنلىرى ھېچقانچە كۈچىمەيلا جياڭلىڭ قاتارلىق مۇھىم بازارلارنى ئوڭۇشلۇق ئالغاندىن كېيىن ئۇدۇل جيەنيېنى كۆزلەپ ماڭدى. سۇن خاۋ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى كېڭەشكە چاقىردى. ۋەزىرلەر ئۇنى ليۇ شەندىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈپ جىن قوشۇنىغا ئەل بولدى ھەمدە قوشۇنغا ئەگىشىپ لوياڭغا كېلىپ يەرلەشتى. سىما يەن سۇن خاۋنى گۇيمىڭ بېگلىكىگە تەيىنلىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جىن خاندانلىقى ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى.



图书在版编目（CIP）数据

三国演义：维吾尔文/（明）罗贯中原著；恒如改写；
木合塔尔·吐尔迪 译．－乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2010.8

（世界少儿必读经典）
ISBN 978－7－5371－8747－3

Ⅰ.①三… Ⅱ.①罗…②恒…③木… Ⅲ.①章回小说
－中国－明代－缩写本－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.①I 242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 097455 号

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

世界少儿必读经典
三国演义（维吾尔文）
罗贯中（明） 原著
恒如 改写
木合塔尔·吐尔迪 译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
880×1230毫米 32开本 5.625印张
2010年8月第1版 2010年8月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN 978-7-5371-8747-3 定价：15.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换